# غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت شئېرلىرىدىن تاللانما




## ياش شائىر غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت بىلەن سۆھبەت

**مۇتەللىپ ئىقبال**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز مۇساپىسى داۋامىدا كۆپلىگەن ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنى روياپقا چىقاردى . ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى ھادىسە ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا خەلقىنىڭ ئېستېتىك تەشنالىقى ۋە روھىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ بىۋاستە شاھىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، خەلق بىلەن بىر تىنىق بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتتى . ئەنە شۇ خەلقىنىڭ روھىغا ياندىشالىغان ئەدىب ۋە سەنئەتكار ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىنىڭ قەلبىدە

، ئۆزلۈك جىلۋىلىرىدە ياشاپ كەلدى . بىر ئەدىبنىڭ خەلقنىڭ مۇڭىغا مۇڭ ، دەردىگە داۋا بولالىشى دەل ئۇنىڭ ھەققانىيەت روھى تۇغقان مۇھەببەت كۆچىنىڭ سەنئەتلىك ئىپادىلىنىش جەريانىدۇر . ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ روھىي زېمىن ئەنە ئاشۇ جەڭگىۋار ئەزىمەتلەر ئارقىلىق يۈكسىلىش ۋە گۈللىنىش تاپىدۇ . بۇ روھىي زېمىن ئۇلارنى تۇغقان . قاچانكى ئەدىب بۇ روھىي زېمىنغا يۈزلىنەلمىسە ، ئۇنىڭغا خەلقنىڭ ھەربىر تىنىقىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ھاياتىي ئىنكاسىنى گۈل قىلىپ تېرىيالمىسا ، ئەدىب ۋە ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئىقتىدارى ۋە ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . ئەدەبىياتنىڭ گۈلتاجى بولغان شېئىرىيەت باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا تۇيغۇنى ئىدراكىيلىق ۋاستىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ، ئىنكاسچانلىقى تېز بولۇش ، تەسىر كۆرسىتىش نۇقتىسى كەڭ بولۇشتەك رولغا ئىگە . بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۆزىنى ئىپادىلەشتە شېئىرىيەتتىنمۇ كەڭرەك زېمىن بولمىسا كېرەك.

دەرۋەقە تارىختىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ شېئىرىيەتتىن ئىزدەيدىغىنى كۆپ بولۇپ كەلدى . شېئىرىيەتنىڭ باغۇ ـ بوستانلىرى ، گۈل ـ چىمەنلىرى ، قۇش ـ ئورمانلىرى ، تاغ ـ دەريالىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پسىخىكىسى ۋە روھىيىتىگە مەنىۋى ئىلھام ۋە مەلھەم ئىزدەپ كەلدى . رىقابەت ۋە كرىزىس بىلەن تولغان بۈگۈنكى كۈندە ، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئابىھايات بىزگە ئۆزىمىز توغرىسىدا ئويلىنىش پۇرستى ۋە ياشاش ھېكمىتى ئاتا قىلالايدۇ ، ئەلۋەتتە . شېئىرىيىتىمىزدە نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش مېتودىنى خەلقنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجى ۋە رېئال ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش بىر شائىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت ۋە ئىنسانىي كامالەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . روشەنكى ، شېئىر ئاۋۋال خەلقنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان بولىدۇ . شائىر ئۇنى تىل ئارقىلىق جۇلالاندۇرۇپ ، يۈكسەك ئېتىقادى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىقلا يېزىپ

چىقىدۇ . كېيىن شېئىر يەنە كىتابخانىلار نەزىرىگە تاپشۇرۇلىدۇ ، ماھىيەتتە ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە قايتقان بولىدۇ . مەيلى مۇھەببەت تېمىلىرىغا بېغىشلانغان ئۆلمەس مىسرالار بولسۇن ۋە مەيلى ئىنساني قىممەتنى ئىزدەش روھىغا بېغىشلانغان مىسرالار بولسۇن ، شېئىر شائىرغىلا تەۋە ئەمەس . شائىر ھېكمەت ـ پاراسەتنى ، ئېتىقاد ـ كامالەتنى بايقىغۇچى ۋە ئۇنىڭغا مەڭگۈ سېغىنغۇچى . تەشنالىق ئوتىدا تۇرۇۋاتقان شائىرنىڭ پاساھىتىگە نېمىلەر تەڭ كەلسۇن!؟ دەرۋەقە شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىك جەريانى كۆپ بولغىنىدەك ، ئۇ يېتىشتۇرگەن شائىرلارمۇ كۆپ بولدى . تۆۋەندە ئاشۇ شائىرلارنىڭ ئىچىدىكى ياش تالانتلىق شائىر غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم.

مۇئەللىپ: ئەلۋەتتە ، ھەرقانداق يازغۇچى ـ شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولىغا كىرىپ كېلىشىدە مۇئەييەن سەۋەب بولىدۇ . ئەنە ئاشۇ چاغ ھەربىر ئىجادىيەتچىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن تۇنجى ئەسىرى يېزىلغان دەۋر بولىدۇ . سىز بۇ يولغا قەدەم باسقان چاغدىكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟

غوجىمۇھەممەت: مەن كىچىك ۋاقتىمدا كىتاب ئوقۇشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم . كېيىنچە ئوقۇغانلىرىمدىن خاتىرە قالدۇرىدىغان ، ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغان ئىشلار ھەققىدە كۈندىلىك خاتىرە يازىدىغان ئادەت يېتىلدۈرۈۋالدىم . بىر مەزگىل كۈندىلىك خاتىرە يېزىش بىلەن ئۆتتۇم ، شۇ چاغلاردا راستىنى ئېيتسام ، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن . قىزىقىشىم ئاشقانسېرى ئۇيەر ـ بۇيەردىن تېپىۋالىدىغان ژۇرناللارنى ئوقۇيدىغان بولدۇم . قارىسام ، ژۇرنالدا بېرىلگەن ھېكايىلەر بىلەن يازمىلىرىمنىڭ

شەكلى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىكەن ، مەندە ئەسەر ئەۋەتىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى . خاتىرەمدىكى ئۆزۈمگە ئەرزىگەن نەرسىلەرنى كۆچۈرۈپلا ئەۋەتتىم . ئۇزۇن ئۆتمەي«شىنجاڭ ياشلىرى»ژۇرنىلىدا تۇنجى ھېكايەم ئېلان قىلىندى ھەمدە 58 يۈەن قەلەم ھەققىمۇ كەلدى . گەرچە مەن شۇ چاغدا ئەسەر ئېلان قىلىپ بېقىش نىيىتىدە بولغان بولساممۇ ، لېكىن قەلەم ھەققى شۇ ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىمغا نىسبەتەن ناھايىتى يۇقىرى پۇل ئىدى . مېنىڭ شۇ چاغدىكى مائاشىم 56 يۈەن بولغاچقا ، مەندە ئىقتىساد ھەۋىسى ئاستىدا ئەدەبىياتقا زور دەرىجىدە قىزىقىش پەيدا بولدى . كېيىن شېئىرمۇ يازدىم . بىر مەزگىلدىن كېيىن مەندە شېئىر ياكى ھېكايە يېزىش ئويى بولدى . مېنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىمغا يېقىندىن باھا بېرىۋاتقان ئابلىكىم مۇساق : «سىز شېئىر يازسىڭىز بولىدىكەن» دېدى . بەلكىم شۇ چاغدا مېنىڭ شېئىرىيەتتىكى قابىلىيىتىم كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك . مەن «يېڭى قاشتېشى»ژۇرنىلىدا خېلى ئەسەر ئېلان قىلغان ھەم ئىش ئورنۇم بىلەن تەھرىر بۆلۈم ئارىلىقى يېقىن تۇرغان تۇرۇقلۇق ، تەھرىر بۆلۈمىنى بىلمەيتتىم . گەرچە ئۇن نەچچە قېتىم ئىزدەپ بارغان بولساممۇ تاپالمىغانىدىم.

مۇئەللىپ : «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا سىزنى«007 پارچىگە يېقىن شېئىرى ئېلان قىلىندى» دەپ تونۇشتۇرغانىدى . ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە بىر بۆلۈك شېئىرلارنى ئېلان قىلدىڭىز . سىز دېمەتلىك شائىرلارغا نىسبەتەن بۇ زور سان . سىزنى بەزىلەر : «ھېچ ئىش قىلماي شېئىر يازىدىغان ئوخشايدۇ» دېيىشىدىكەن . بەلكىم بۇ ئەسەرلىرىڭىزنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك . ئەسەرلىرىڭىز سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي ، سۈپەت جەھەتتىنمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ . سىزدىكى بۇ خىل شېئىرىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن سۆيۈنۈش كېرەك . ئەسەرلىرىڭىزنىڭ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالالىشىدىكى سەۋەبىمۇ

، سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدا . سىز سان بىلەن سۈپەت ھەققىدە بىرنېمە دەپ بېرەمسىز؟

غوجىمۇھەممەت: مەن ھەقىقەتەن نۇرغۇن شېئىرلارنى ئېلان قىلدىم ، لېكىن مەن شېئىردىكى ساننىڭ كۆپلۈكىنى ئۆزۈمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قارىمايمەن . بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى سۈپەت ، ياخشى يېزىلغان بىر ئەسەر يەنە بىر قانچىلىغان ئەسەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ تۇرالايدۇ . لېكىن ھەممىنى بىراقلا دەۋالىمەن دەپ پۇرسەت كۈتۈش ، ئۆزلۈكسىز غىدىقلىنىپ تۇرىدىغان شائىر روھىغا نىسبەتەن سىقىلىشتىن باشقىنى ئەكەلمەيدۇ . شۇنداق بولغانىكەن ، ئۆز ـ ئۆزىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بوشاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك . قانداقتۇر شېئىر يازغاندا ساننىڭ ئەندىشىسىگە قېلىش ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ . شېئىرلىرىمنىڭ سان جەھەتتىن كۆپلۈكى مېنىڭ ئاچچىق قىسمەتكە تولغان روھىمنىڭ ھەربىر نۇقتىدىكى ئىنكاسىدۇر ھەم ساننىڭ كۆپ بولۇشى خالىغانچە دەۋالسا بولىدىغان ھادىسە ئەمەس . ئۇنىڭغا يەنە بىر ئەدىبنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە ئىلمىي ئەمگىكى سىڭگەن بولىدۇ . ناۋادا ئاز يېزىپ ، ئاز ئېلان قىلدۇرغان بولسامۇ ھازىرقىدىنمۇ سۈپەتلىك ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتالىغان بولسام ، بۇنى ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيىتىم دەپ قارايتتىم . لېكىن مەن ئۇ سەۋىيىدىن خېلىلا يىراق.

مۇئەللىپ: مەيلى بىز سىزنىڭ قايسى ئەسىرىڭىزنى ئوقۇمايلى ، ئۇنىڭدا شېئىرغا خاس ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بولۇش بىلەن بىرگە سىزنىڭ شېئىرغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت تۇيغۇڭىزنى ھېس قىلغىلى بولىدىكەن . ئەلۋەتتە ، بۇ مۇھەببەت تۇيغۇسى ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ . بۇ خىل مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئەمەلىي رېئاللىقتىن ئايرىپ قاراش ئاقىلانىلىق بولمىسا كېرەك؟

غوجىمۇھەممەت: ئەلۋەتتە دۇنياغا تۆرەلگەن ھەربىر ئىنسان ياشىغانىكەن ، ھاياتىدا مەلۇم كەسىپ ـ مۇددىئا ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ . ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ . بۇ

ھەم رېئاللىقنىڭ تەقەززاسى ، ھەم ئادىمىيلىك ئېھتىياجى . بۇ نۇقتىدا مېنىڭ ئېتىقادىم ـ ھاياتىمنىڭ مۇھىم بىرقىسمى بولغان ، مېنىڭ ياشىشىمنى قىممەتكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان يېزىقچىلىقلا بولىدىكەن ، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن . كونىلاردا «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن ھېكمەت بار . ئەلۋەتتە كۆزلىگەن ئېتىقاد ، نىشان ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ . ياشاشتىكى يادرو بولغان مەلۇم مۇددىئا ـ مەقسەت ئۈچۈن مەلۇم نەرسىلەردىن كېچىشكە ، ئۇنى قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . شۇنداق بولغانىكەن ، مەنمۇ بەزى قۇربان بېرىشلەردىن خالىي بولالمىدىم . مەن ئەزەلدىن ئېتىقادىم ـ ھاياتىم بولغان شېئىرىيەتكە ئاسىيلىق قىلمىدىم ، ئۆزۈمگە ئاسىيلىق قىلمىدىم . بۇ يەردە بەدەل تۆلەش ئانچە مۇھىم نەرسە ئەمەس . مەن ئاشۇ شېئىرلارغا ئۆزۈمنى بېغىشلىغان دەقىقىدىكى روھىيىتىمدىكى ئازاب ـ كەچمىشلىرىمنى ھەر خىل قېلىپلاردىن خالىي ئىپادىلەشكە تىرىشتىم...

مۇئەللىپ: بۇ يەردە بەدەل تۆلەش توغرۇلۇق سۆزلەر بولۇندى . بەلكىم سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا نىسبەتەن بۇ گەپنى مۇنداقلا دەپ قويۇش ، ياكى چۈشىنىشكە بولمايدۇ . مېنىڭ قارىشىمچە ، سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆلىگەن بەدەللىرىڭىزنى ھەقىقەتەن بىر ئەدىبنىڭ سەنئەتلىك ۋىجدانىي نۇقتىسىدىن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ . ھەممىگە مەلۇم ، شېئىر رېئاللىقتىكى بارلىق شەكىل ، فورمۇلا ، يوسۇنلاردىن قۇتۇلۇشنى ، مەۋجۇت تەرتىپلەردىن خالىي ئىپادىلىنىش خاھىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . شېئىر ئۈچۈن بەدەل تۆلەش تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھادىسە ، بۇ خىل روھىي ھالەت دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئەڭ سۇس ھالەتكە چۈشۈپ قالدى . سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆلىگەن بەدەللىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

غوجىمۇھەممەت: بۇ ۋاقىتتا نېمىنى سۆزلەي ، ئايالىم بىلەن بىر بالامنى يېتىم قىلىپ

ئاجرىشىپ كەتكىنىمنىمۇ ياكى تۇرمۇش ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي بېسىمنىمۇ؟ گەرچە مېنىڭ دەسلەپكى قىزىقىشىم ئىقتىساد ھەۋىسى ئاستىدا بولغان بولسىمۇ ، كېيىنچە ئىقتىسادنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ چىقتىم . مەن تاكى توي قىلىپ بىر ئائىلىگە ئىگە بولغۇچە ئىقتىسادقا ئانچە قىزىقمىدىم ، توي قىلغاندىن كېيىن كۆز ئالدىمدا يېپيېڭى بىر دۇنيا كۆز ئاچتى . مەن بۇرۇن ئىجادىيەتكە بولغان زىيادە ھېرىسمەنلىك تۈپەيلىدىن بۇلارنى ئويلاشقىمۇ ئۇلگۈرمىگەنىكەنمەن . مەن ئۆزۈمنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن ئەمەلىي رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ ھاڭنىڭ بارلىقىنى سەزگەن ۋاقتىمدا ، مەن سەنئەت دۇنياسىدىن ماددىي مەئىشەت دۇنياسىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدۇم . مەن يەككە ـ يېگانە ، قۇپقۇرۇق ئىدىم . ئىش ھەققىمنىڭ تۆۋەن بولۇشى بارا ـ بارا ئائىلىدە ئىقتىسادىي بېسىم تۈپەيلىدىن جېدەل ـ نىزالارنى ئەكەلگىلى تۇردى . بۇ ھالەت خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى . مەن يەنىلا ئاۋۋالقى ھالىتىمدە ياشاپ قېلىشنى خالايتتىم . ماددىي گادايلىق ئاخىر گېلىمنى بوغدى . مەن كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلدىم . مېنىڭ ئۆز روھىي دۇنيايىمدىن رېئال ئىجتىمائىي كىشىلەر توپىغا قېتىلىشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى . بىراق بىز چىقىشالمىدۇق ، زىددىيەت كۆپەيدى . ئاخىر بەش يىللىق چىقىشالماسلىق تۈپەيلى ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كەتتىم . بۇلارنى بەدەل دېگىلى بولماس . مەن ھېچبولمىسا ئۆزۈمنىڭ ئورنىنى قايتا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇندۇم.

مۇئەللىپ: مۇشۇ يەردە مۇنۇ گەپنى قىستۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ . سىزنىڭ ھازىرقى شېئىرلىرىڭىزدا تەسۋىرلەنگىنىدەك مۇقىم تۇرالغۇ ئۆيىڭىزنىڭ ، ئايالىڭىزنىڭ ، خىزمىتىڭىزنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە ئاڭلىدىم . بۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجادىيىتىڭىزگە بولغان تەسىرى قانداق بولدى ، سىز ھەممىدىن ئايرىلىپ قالدىم دەپ قارامسىز؟ ئۇلار ئېلىپ كەلگەن پسىخىك بېسىم قانداق بولدى؟

غوجىمۇھەممەت: بۇنىڭدىكى نۇرغۇن سەۋەبلەر ئەسلى ئۆزۈمدىن كېلىپ چىققان ، جەمئىيەتتىن ، باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ھەققىم يوق . چۈنكى مەن ياشىغانىكەنمەن ، ماددىي موھتاجلىق يەلكەمنى بېسىپ تۇرىدۇ . مەن بۇرۇن بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلمىغانىدىم . يېزىقچىلىقنى بىردىنبىر نىشان قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەندە جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ، يەككە ـ يېگانە يۈرۈشكە قىزىقىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالغانىدى . يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كېتىشىمدىكى سەۋەب ، بىر مەزگىل ئىجادىيەتكە بېرىلىپ كېتىپ ، مائاشقا قاراپ ياشاپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كېلىشەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن بولدى . مېنىڭ ئىلگىرى يېزىقچىلىق ھاياتىم مۇھىم ئورۇندا تۇرغاچقا ، رېئاللىققا بولغان تونۇشۇم ناچار ئىدى . ئىش ھەققىنىڭ زىيادە تۆۋەنلىكى ، ئىشنىڭ ئېغىرلىقى ، روھىي بېسىم تۈپەيلى زاۋۇتتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم . كېيىن ئىقتىساد بىر ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپلا قالماستىن ، بىر مىللەت تەقدىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم . ئىقتىساد بىر مىللەتكە نىسبەتەن شېئىردەك ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىكەن . ئىجادىيىتىمگە بولغان تەسىرى دېگەندە رېئاللىقتا يەككە ـ يېگانە قالدىم ، ھەممە ئىشتا ئۆزۈمگە تايىنىشقا توغرا كەلدى . تەبىئەتتىن ياتلىشىۋاتقان ئادەملەر توپىغا كىرىش ئۈچۈن تەبىئىي ئادەملىكتىن ئىجتىمائىي ئادەم تەرىپىگە يۈزلىنىش كېرەك بولغاچقا ، ئىلگىرىكى ھەممە نەرسەمنى شۇ يەردە قويۇپ قويۇشقا توغرا كەلدى . لېكىن بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە ، مەن مۇقىم تۇرمۇش كاپالىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ، يەنە ئۆزۈمنى تېپىۋالىمەن.

مۇئەللىپ: شېئىرلىرىڭىز ھەقىقەتەن رېئال روھىي ھالىتىڭىزنىڭ ئىنكاسىمۇ؟

غوجىمۇھەممەت: مەن ئەزەلدىن شېئىرىيەتكە ، ئۆزۈمگە ئاسىيلىق قىلمىدىم . شۇنداق بولغانىكەن ، مېنىڭ ئۆز قەلبىمنى ئاشكارىلاشقا ئۇرۇنۇشۇمدىن تۇغۇلغان تۈزىندىلەر

ـ دەل ئاشۇ ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئىزدەشنىڭ قىسمەتلىك جەريانى ، خالاس.

مۇئەللىپ: سىزنىڭ شېئىرىڭىز مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن ھەر خىل سۈنئىي بېزەكلەردىن خالىي . شېئىردىكى لىرىكىلىق كەيپىياتنىڭ چىنلىقى ھامان ئوقۇغان كىشىنى ئۆز دۇنياسىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ . بۇ جەھەتتە نېمە دېيىش مۇمكىن؟

غوجىمۇھەممەت: مەن ئۆز روھىيىتىمدىكى ئازاب ـ كەچمىشلەرنى ھەر خىل قېلىپلاردىن خالىي ئەركىن ئىپادىلەشكە تىرىشتىم . شېئىر يېزىۋاتقاندا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش ـ قىلالماسلىق بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدىم . پەقەت ئۆزۈمنى ئاشكارىلاشقا ئۇرۇندۇم ، مەن تەبىئىيلىكنى ياقتۇرىمەن.

مۇئەللىپ: شېئىرلىرىڭىزدا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئۆلمەس ئوبرازلارنى ياراتتىڭىز . بۇ ئوبرازلار ئۆزىنىڭ ھەقىقەتپەرۋەرلىكى ، ئىنسانپەرۋەرلىكى ، مۇھەببەتپەرۋەرلىكى بىلەن يۈكسەك تەۋەككۈلچانلىق روھىنى بىرلەشتۈرگەن . بۇ ئوبرازلارنى رېئاللىقتىكى قاغجىراشنىڭ بەدىئىي خۇسۇستىكى ئىنكاسى دەپ چۈشەنسەك قانداق بولار؟

غوجىمۇھەممەت: شېئىر يازىدىغان بۇرادەرلىرىم: «شېئىرلىرىڭىزدا رېئالىزملىق روھ كۈچلۈك» دېيىشىدىكەن . يازغان ھەربىر شېئىرىمدا مىللەت پسىخىكىسىدىكى ھەر خىل قاتلاملارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىمەن . لېكىن بۇنى ئىپادىلەش ئانچە ئاسان ئەمەس . ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق دېمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ئاشكارىلاشقا توغرا كېلىدۇ . دەرۋەقە مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت پسىخىكىسىدىكى نورمالسىزلىق تۈپەيلى ئۈمىدسىزلىك ، چۈشكۈنلۈك ، زىيادە خىيالغا بېرىلىش ، ئۆزىنى بايقىيالماسلىقتەك روھىي پاجىئەلەر بېشىمىزدا ئۈچۈپ يۈرۈپتۇ . مېنىڭچە بولغاندا ، بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى تونۇش ، ئاندىن كۆز ئالدىدىكى مۇھىتقا تەدبىر ئىزدەش خاھىشى بولۇشى كېرەك . شېئىرلىرىم

كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بايقىشىغا تۈرتكە بولسا ئەجەب ئەمەس . مىللىتىمىز پىسخىكىسىدىكى قارامىلىق ، مىجەزىدىكى چۇسلۇق ، باتۇرلۇق ، ھەققانىيلىق قاتارلىق ئەركەكلىك ئامىللىرى بۈگۈنكى كۈندە بەلكىم ئۇنتۇلۇپ كەتتى . كىشىلەر ئەلۋەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشتا ئۆز تارىخىغا نەزەر سالىدۇ . ئەمدى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تىل ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئادىتىم ، ھەر خىل روھىي كەچۈرمىشلىرىم ، ۋۇجۇدۇمدىكى غۇرۇر ئوتلىرى.. . ئاشۇلار بەلگىلىگەن بولسا كېرەك.

مۇئەللىپ: ھەرقانداق بىر شائىر شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن ۋە ئۆز قابىلىيىتىنى ، كېيىنكى ئورنىنى دەڭسەۋاتقان ۋاقىتتا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىقتىدارلىق ئەدىبلەرنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتىدۇ ھەم ئىجادىيىتىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىدۇ . جۈملىدىن سىزمۇ ئىجادىيەت مۇساپىڭىزدە بۇ جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن بولغاچقا ، بۇ ھەقتە سۆزلەش مۇھىم دەپ قارايمەن . بۇ ھەقتە ئىچكى سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى بىلىپ باققۇم بار.

غوجىمۇھەممەت: ئەڭ دەسلەپتە بارماق ساناشتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ، ئىمىن ئەھمىدىنىڭ شېئىرلىرى ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلدى . ئۇنىڭ «گۈلگۈن دالىلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى سۆيۈنۈش ئىچىدە ئوقۇدۇم ھەم مۇئەييەن تەسىرلەرنى قوبۇل قىلدىم . ئۇنىڭدىن كېيىن بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرى مېنى بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ پەلسەپە ، تارىخ ، ئۆتمۈش ، رىۋايەت تۈسى بىرلىشىپ كەتكەن سىرلىق قەسىرىگە باشلاپ كىردى . ياش شائىرلاردىن ئەخمەتجان ئوسمان ، ئۆمەر مۇھەممەدئىمىن قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى ئىجادىيىتىمگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنى ئۇستازىم دەپ قارايمەن.

مۇئەللىپ: شېئىرلىرىڭىزدا بىر خىل مەشرەپ روھى ، تەۋەككۈلچىلىك ، ئىسيانكارلىق ، ئەسەبىيلىك بار دەپ قارايمەن . سىزنىڭ بۇ خىل روھىي ھالەتنى تاللىشىڭىزنىڭ

مۇئەييەن ئاساسى بارمۇ؟

غوجىمۇھەممەت: مەن بۇ خىل روھنى ئەمەس ، بۇ خىل روھ مېنى تاللىغان بولسا كېرەك . بۇنداق دېيىشىمدە ، مەن ھەرقانداق شېئىر يازغىنىمدا مەشرەپ ئۇسلۇبىدا يازاي ، ئۇنداق يازاي ، بۇنداق يازاي دەپ ئويلىمايمەن . پەقەت ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇغانمەن . بەلكىم شۇ خىل روھ ئىجتىمائىي قىسمەتلىرىمگە بولغان قاراشلىرىمنى ئىپادىلەشتە مېنى شۇنداق تاللاشقا تەقەززا قىلغان بولسا كېرەك.

مۇئەللىپ: شېئىرىڭىزنى ئوقۇغاندا ھەربىر كىتابخان بەدىئىي تالانتىڭىزغا قايىل بولماي قالمايدۇ ، ئەلۋەتتە . بەزىلەر سىزنى بۇ جەھەتتە مەلۇم پەللە ياراتقان دېيىشىدىكەن . سىز بۇ نۇقتىغا قانداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەت: شېئىر ئەدەبىياتنىڭ گۈلتاجى ، شېئىرىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ مەڭگۈ پەللىسى بولغان ئەمەس ھەم بولمايدۇ . پەللە ئۇقۇمىغا كەلسەك ، بەلكىم بىر ئەدىب ئىجادىيىتىدە بىرنەچچە ئۆزلۈش جەريانى بولۇشى مۇمكىن ، بىر خىل سەۋىيە بىلەن يەنە بىر خىل سەۋىيە ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن بوشلۇق ھاسىل بولىدۇ . مانا بۇ شائىرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلىش جەريانى . ئادەم بىر خىل رەۋىشتە يېزىۋەرگەندىن كېيىن زېرىكىش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ . شېئىر ئۇنى باشقىچە شەكىلگە كىرىشكە قىستايدۇ . شۇ نۇقتىدا شائىر بىر بالداق قاڭقىشقا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ تالاي ئارزۇسى پەللە بولۇشى مۇمكىن . مەن ئاقسۇ ـ كۇچا تەرەپلەرگە ئۆتتۇم ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى ياخشى بولدى . لېكىن مەن بەدىئىي پەللە ياراتتىم دەپ قارىمايمەن ، ئەدەبىياتنىڭ چېكى بولمايدۇ . ئەدەبىيات ئىنسان روھى بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ دىئالوگى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئۇ ھەرقاچان يېڭىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئىنسان ئاخىرلاشمايدىكەن ، تەبىئەت ، جەمئىيەت ئاخىرلاشمايدۇ . ئىنسان ھەرىكىتى ھامان ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلىش بىلەن راۋاج تاپىدۇ . شۇڭلاشقا پەللە مەۋجۇت

ئەمەس . ئادەم بىلەن تەبىئەت ، جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگنىڭ شەكلى ، مەزمۇنىدىن ئۆزگىرىش بىر نۇقتىدا تۇرۇۋېلىشنى ئانچە خالىمىسا كېرەك.

مۇئەللىپ: ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قانداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەت: مەن ئۆزۈمنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا باھا بېرەلىگۈدەك لاياقەتكە ئىگە ئەمەس ، دەپ قارايمەن.

مۇئەللىپ: ھازىر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىۋاتقان شېئىرلىرىڭىز مەيلى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بولمىسۇن ، كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ . شېئىرلىرىڭىزنىڭ سەۋىيە جەھەتتىن يۇقىرىلىقى بىلەن بىرەر كىتاب چىقىرىشقا ئىمكانىيىتىڭىز بار ئىدى ، نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر ۋە ھەۋەسكارلار شېئىرلار توپلىمىڭىز بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ . سىز بۇ ھەقتە بىرنېمە دەپ باقامسىز؟

غوجىمۇھەممەت: ھەممىگە چۈشىنىشلىك ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ نەشرىيات ئورۇنلىرى بازارغا يۈزلەندى . شۇنداق بولغانىكەن ، دەۋرىمىزدە مەلۇم ئىقتىسادىي كۈچ بولمىسا مەنىۋى ئەمگەكلىرىمىزنى كىتاب قىلىپ چىقىرىش خېلىلا قىيىن . بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن نەشرىيات ئورۇنلىرى ۋە كىتاب سودىگەرلىرى خەلققە زۆرۈر بولغان ، تېز ياقىدىغان ، سېتىلىش دائىرىسى كەڭرەك بولغان بىرقىسىم ماقالە ـ تەرجىمە ئەسەرلىرىگە بەكرەك قىزىقىدىكەن . بۇنداق شارائىتتا شېئىر بىر چەتتە بوينىنى قىسىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . شېئىرغا مەبلەغ سالىدىغان كىتاب سودىگەرلىرىنى ئۇچراتماق تەس . ھازىر خەلقىمىزنىڭ باشقا يازمىلارغا قارىغاندا شېئىرغا بولغان ئېستېمالى تۆۋەن ، يەنە بىر تەرەپتىن ، سودىگەرلەر تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ مەبلەغ سالالىغۇدەك دەرىجىدە ئىلگىرىلەپ كېتەلمىدىم ، دەپ قارايمەن.

مۇئەللىپ: ھەممە ئادەمدە ئارزۇ بولىدۇ . ھاياتىڭىزدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش خىيالىدا

بولۇپ باققانمۇ؟ بەلكىم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ مۇكەممەل تەربىيىگە ئىگە بولغان

بولسىڭىز هازىرقىدىنمۇ ياخشىراق يېزىشىڭىز مۇمكىنمىدى؟

غوجىمۇهەممەت: راستىنى ئېيتسام ، كىممۇ ئۇنداق خىيالدا بولمايدۇ دەيسىز ، مېنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئوقۇغۇم بار ئىدى . لېكىن ئائىلە قىيىنچىلىقىمىز بولغاچقا ، بىر كەسىپ يولى تاللاشقا توغرا كەلدى . كېيىنچە ئالىي مەكتەپتە شائىر تەربىيىلىمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن قانائەتلىنىشكە باشلىدىم . دۇنيادا ئىككى كەسىپنىڭ ئۇستازى يوق ، بىرى شائىرلىق ، يەنە بىرى ئاشىقلىق . شېئىرىيەتتە ئۇستاز تۇتقىلى بولمايدىكەن . سىزدە مەلۇم تالانت بولغاندىلا ، ئاندىن شېئىرنىڭ پېشىنى تۇتالايسىز . ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلارنى ئېلىپ ئېيتساق ، ئۇلارنىڭ هەممىسىنىڭ شائىر بولۇپ كېتىشى ناتايىن . تەربىيە مەسىلىسىگە كەلسەك ، مەن ئۆزۈمدىن رازى بولماي قىينالغان چاغلىرىمدا مەكتەپ تەربىيىسىگە هەۋەس قىلغان ، بىر ئېتىقاد بىر مۇهەببەت بولمىسا هەرقانداق مۇكەممەل تەربىيىمۇ جۇۋالدۇزدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ . شائىرنىڭ ئەڭ ياخشى مەكتىپى ئۆز قەلبىدىن ئىبارەت . ئۆكۈنگەن چاغلىرىمنى ئېلىپ ئېيتسام ، شائىر شېئىر يېزىشنى بىلىپلا قالماستىن ، بەلكى تەبىئىي پەن بىلىمىگە ئىگە بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر . شائىرنىڭ يەنە ئىجتىمائىي پەن بىلىمى مول بولمىسا ، ئۇ شېئىر يازدىم دېگەنبىلەن ياخشى نەرسىلەرنى يازالمايدۇ . سىز مىللىتىڭىزنىڭ تىلى ، جۇغراپىيىسى هەققىدە تونۇشىڭىز بولمىسا ، سىزنى مۇكەممەل ئەدىب دېگىلى بولمايدۇ . تەبىئىي پەن بىلەن شېئىرىيەتنىڭ زىچ باغلىنىشلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بولدى . شېئىر تەبىئەت زېمىنىدا كۆكلەيدىكەن ، ئۇنىڭ ئاشۇ تەبىئەت توغرىسىدىكى تەبىئىي پەنلەر بىلەن چوقۇم قويۇق مۇناسىۋىتى بولىدۇ . بۇ پەقەت شېئىرنىڭ هەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدىبكە نىسبەتەن مۇكەممەل تارىخ ئىلمىنىڭ بولماسلىقى زور پاجىئەدۇر . بۇلارنى هېس

قىلغان ۋاقتىمدا ئالىلقاچان ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ تۇرمۇش قايىنىمىغا كىرىپ قالغانىدىم.

مۇئەللىپ: ئىككى يىلدىن بېرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بەدىئىيلىك ، شەكىل جەھەتتىن بىرقەدەر يۇقىرى بولغان شېئىرلارنى ئېلان قىلدىڭىز . مەسىلەن ، «ئەرنىڭ ئىپپىتى» ، «ئوتتۇز ياش» ، «قۇم شەھەر» ، «جېنىمغىنە جېنىم ئامرىقىم».. . بۇنىڭغا بولغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى قانداق بولدى؟

غوجىمۇھەممەت: «ئوتتۇز ياش» ناملىق شېئىرىمنى ئوقۇغان بەزى يېقىنلىرىم ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالىڭ ناھايىتى ياخشى ئەكس ئېتىپتۇ دېيىشتى . دەرۋەقە ھەقىقىي بىر ئەمەلىيەتنى ، تىپىك ۋەقەلەرنى لىرىك كەيپىياتتا ئىپادىلەش بىرقەدەر قىيىن . «جېنىمغىنە جېنىم ئامرىقىم» شېئىرىم ھەققىدە ئوقۇرمەنلەردىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم . «قۇم شەھەر» توغرىسىدىكى تىلدىكى ئەسەبىيلىك ، چېچىلاڭغۇلۇق تەرەپلەرنى رېئالنى روھىي كەيپىياتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن.

مۇئەللىپ: ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەك شېئىر يېزىش ئىزچىللىقىڭىزنى ساقلاپ كېلىۋاتامسىز؟

غوجىمۇھەممەت: شېئىر يازغان ۋاقتىمدا كەيپىياتقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمەن . ھازىرچە مۇقىم تۇرالغۇم يوق ، شۇ سەۋەب ماكانسىزلىق تۇيغۇسىدىن كۆپ قىينىلىمەن . بەزىدە شېئىر يېزىش ئىشتىياقى مېنى قاتتىق چۇلغىۋالىدۇ . مەن تۇرمۇشتىن داۋاملىق ئىلھام ئىزلەيمەن ، شېئىر يېزىۋاتقان ۋاقتىم دەل ئىلھامدىن ئىلھام تۇغۇلۇۋاتقان مەزگىل بولۇشى مۇمكىن . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، ماكانسىزلىق ئىزچىللىقىمنىڭ داۋاملىشىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ.

مۇئەللىپ: سىز بىر چاغدا يازغان ھەرقانداق شېئىرىمىنىڭ ھەربىر مىسراسى مۇھەررەدەك ئېسىمدە قالىدۇ دېگەنىدىڭىز . مېنىڭچە ، ھەرقانداق شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىتى

بولىدۇ . سىز شېئىر يېزىش ئادىتىڭىزنى ۋە بۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟

غوجىمۇھەممەت: شېئىر يېزىش ئادىتىمنى سورىسىڭىز ، كۆپىنچە كۈندۈزى يازىمەن ، كەچلىرى ياكى كېچىلىرى يازالمايمەن ، يازدىم دېگەندىمۇ بىر كېچە ئۇخلىماي چىقىشقا توغرا كېلىدۇ . شېئىر يازغاندا قانداقتۇر بۇرۇن ئويلىنىۋالىدىغان ئەھۋاللار يوق ، بۇنداق خاھىشقا كۆپىنچە ئىپادىلەشتە توسالغۇغا ئۇچراپ قالىمەن . شېئىر يازغۇم كەلگەن ۋاقىتتا ئالدىمغا بىر ۋاراق ئاق قەغەزنى ئەكېلىپ قويۇپ يادىمغا كەلگەن شەكىللەرنى سىزىمەن ، ھۆسنخەتلەرنى يازىمەن ، تۇيۇقسىز شېئىرغا بولغان تەقەززالىق مېنى قىستايدۇ . شۇندىلا پىكىرلەر چېچىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ...

مۇئەللىپ: بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر بىلەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ رولىغا قانداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەت: سەنئەت نۇقتىسىدىن چۈشەنگەندە ھەرقانداق ئەسەر ھەم بەدىئىي قىممەتكە ، ھەم ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە . ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دېھقانلارنىڭ نىسبىتى كۆپرەك ، زىيالىيلارنىڭ ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن ھەم ئىجتىمائىي قىممىتى بار ھەم بەدىئىي قىممىتى بار ئەسەرلەرنى يېزىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشمەك تەس . نەۋائىينى ئېلىپ ئېيتساق ، ئۇنىڭ ئون بەشىنچى ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى پارلاق نامەيەندە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز . ئۇ بىزگە نىسبەتەن بەش ئەسىردىن بېرى تېخى تولۇق ئېچىلمىغان سىر . چۈنكى ئۇ ساپ سەنئەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەسەر يازغان . بىر ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بايقاشتا سەنئەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنمىسا ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى مەلۇم بىر دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىش بىلەن چەكلىنىپ كېيىنچە تارىخقا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئۇنىڭدىن ساپ سەنئەتنىڭ نۇرلىرىنى تېپىش قىيىنغا توختايدۇ.

مۇئەللىپ: سىزنىڭچە كىشىلىرىمىز تەبىئەتتىن ياتلىشىۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش مۇھىممۇ؟

غوجىمۇھەممەت: مېنىڭچە ، تەبىئەت دېگەندە تەبىئەت دۇنياسى ھەم ئىنسانلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بولغان تەبىئىيلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ئىنساننىڭ ئەسلى خاراكتېرىنىڭ تەبىئەت بىلەن ياتلىشىشى ، ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ياتلىشىشى زور پاجىئەدۇر . تەبىئەتتىكى ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى ئادەمنىڭ روھىدىكى بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئۈرۈمچىدە تۇرغان تۆتىنچى ئاي مەزگىلىدە مۇنداق تۆت نەرسىنى كۆرمىدىم ، بىرى ، قۇياش؛ بىرى ، بىر دانە قۇش ، بىرەر تۈپ گىياھ ، بىر سىقىم توپا . ئۈرۈمچىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى كۆرەلمەسلىك ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس . بۇنىڭ ئۆزى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن قانچىلىك ياتلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇلارنىڭ يۈرۈشى ، گەپ ـ سۆز ، ھەرىكىتى قاتارلىقلار پۈتۈنلەي مېخانىكىلاشقان ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ، تەسەۋۋۇرى ئۆز ئوقىدىن ھالقىپ چىقالمايدۇ . چىرايلاردىكى چۈشكۈنلۈك ، سۇلغۇنلۇق ، بىتاقەتلىك ھالەتلىرى تەبىئەتتىن ياتلىششنىڭ ئىپادىسىدۇر . ئۇلار بىرنەرسىدىن خاتىرجەمسىزلىنىدۇ ، نېمىلەرنىدۇر ئىزدەيدۇ ، سېغىنىدۇ ، ئەمما تاپالمايدۇ . ئۇچۇر دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېقىمىنىڭ تېز ، كۆڭۈلنىڭ قۇرغاق بولۇشى پەقەت ئەدەبىي ئەسەر ئارقىلىقلا ۋاقىتلىق داۋاغا ئېرىشەلەيدۇ.

مۇئەللىپ: بەزى ئەسەرلەرنى تىل ئارقىلىق ئۇقۇپ ، كاللا ئارقىلىق تەپەككۇر قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇنى پەقەت يۈرەك ئارقىلىق ئۇقۇپ ، يۈرەك ئارقىلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ . بۇنداق ئەسەرلەرنى شەكىل ـ قېلىپلارغا سېلىپ ئۆلچىگىلى بولمايدۇ . بۇ نۇقتىدىن شېئىرنى چۈشىنىش مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەت: شېئىر مۇزىكىغا ئەڭ يېقىن نەرسە ، شېئىرنى چۈشىنىش ئەمەس ھېس قىلىش ئەڭ مۇھىم . چۈشىنىش كاللىدا بولىدۇ ، ھېس قىلىش يۈرەكتە ، مېنىڭ

ئەسەرلىرىمنى تامامەن چۈشەنگەن بولسىڭىز ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشتى ، ئەمما سىزنىڭ قەلبىڭىزدە شۇ شېئىرغا بولغان قىزىقىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا شېئىر ياشىغان بولىدۇ . بەزى شېئىرلارنى ئوقۇپ ناھايىتى زور ھاياجانغا تولىسىز ، ئەمما ئۇ ھەقتە ھېچنېمە دېيەلمەيسىز . شېئىر سىزگە پۈتۈنلەي تەئەللۇق بولمىغاچقا سىزدە ئىنتىلىش مەۋجۇت.

مۇئەللىپ: جەمئىيەتتە بەزىلەر يازغۇچى ـ شائىرلار ئۈستىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ، ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن ئۇنىڭ يازمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئىكەن . سىز ئادەملىك پەزىلىتى بىلەن ئەدىبلىك بۇرچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قانداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەت: يازغۇچى ـ شائىرلارمۇ ئاۋۋال ئادەم ، ئاندىن كېيىن ئەدىب ھېسابلىنىدۇ . لېكىن بۇ يەردە پەزىلەت مەسىلىسى مەۋجۇت . ئەدىبلەرنىڭ يازمىلىرىغا قارىسىڭىز ، ئۇلار رېئاللىقتىن ئۈستۈن ئۇلۇغۋار روھ بولۇپ تۇغۇلىدۇ . ئەمەلىيەت بىلەن يازما ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەر بولىدۇ . دىنىي قاراشلاردا يازغۇچى ـ شائىرلارنى پەيغەمبەردىن قالسىلا ئەڭ ھۆرمەتكە لايىق كىشى دەپ قارايدىكەن . دەرۋەقە ئەدىبنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ئۇنىڭ يازمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . ئەدىبلەر رېئاللىقتىكى كىشىلەردىن بىرنەچچە دەرىجە يۇقىرى كۆز بىلەن مەسىلىلەرنى كۆرەلەيدىغان ، تەھلىل قىلالايدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭ يازمىلىرىدا مەلۇم ئىلغارلىق ، كۆزقاراشنىڭ بولۇشى تەبىئىي . بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بۈيۈك نامايەندىلەر ئۆزىنىڭ چىن ئەخلاقىي پەزىلىتى ، ئىنسانىي كامالىتى ، ئەسەرلىرىدىكى يۈكسەكلىك تۈپەيلى كۆڭۈل خانىمىزدا ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا ئوخشاش چاقناپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى بىر قامۇس بولسا ، تىرىك ھاياتى بىر قامۇس ھېسابلىنىدۇ . بۈگۈنكى دۇنيا مۇرەككەپ ، ياشىغانىكەنسىز ئىجتىمائىي توپ ئىچىدىن ھالقىپ چىقالمايسىز . ئەدىبلەردىكى

ئەخلاقي پەزىلەت بىلەن يازمىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق رېئاللىقتىن هالقىش ـ هالقىيالماسلىقتىن كېلىپ چىققان . بۇ ئۇنداق ئوڭاي جەريان ئەمەس ، هەرقانداق كىتابخان ئەدىبنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ مەلۇم تەسىرگە ئۇچرىغانىكەن ، ئەدىبنىڭ هاياتىنى سۈرۈشتۈرۈش هاجەتسىز . مېنىڭچە ، ئوقۇرمەن ئۆز ـ ئۆزىگە مۇستەقىل ئىگە بولۇش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كېرەك . يازغۇچى ـ شائىرلارمۇ رېئاللىقتىن هالقىشى ، ئۆز تەشەببۇسىغا لايىق ئىش قىلىشى كېرەك.

مۇئەللىپ: سىز شېئىر ئىجادىيىتىڭىزدىكى نەتىجىلىرىڭىز بىلەن بۇ سەپتە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدىڭىز . بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، تۇرمۇشنىڭ پايانى بولمايدۇ . شۇنداق بولغانىكەن ، نوقۇل بىرلا ژانىرنى تۇتقا قىلىش مەلۇم چەكلىمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ . سىزنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى قابىلىيىتىڭىزگە باشقىلار قايىل ، سىز يەنە باشقا ژانىرلاردا يېزىپ بېقىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

غوجىمۇهەممەت: سىز تۇرمۇشنىڭ هەر خىل قاتلاملىرىدا ياشىغانىكەنسىز ، ئۇنىڭدىن بەلگىلىك ئىجادىيەت ئوزۇقى ، روهىي ئېنېرگىيە ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ . دەرۋەقە هەممە نەرسىنى بىرلا تىلدا ئىپادىلەيمەن دېيىش ئانچە ياخشى ئەمەس . شېئىرلىرىمنى ئېلىپ ئېيتساق ، ئۇ مېنىڭ ئەنە شۇ رېئاللىقنىڭ قاتلاملىرىنى ئاقتۇرۇپ مەنە ئىزدەۋاتقان هالىتىمنىڭ تىپىك سىزمىسىدۇر . بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ژانىر مەسىلىسى ئانچە مۇهىم ئەمەس ، مۇهىمى كىشىلەر قەلبىنى تەسىرلەندۈرەلىگۈدەك بىرنەرسە يېزىش.

مۇئەللىپ: بۈگۈن هەققىدە بىرنېمە دەپ باقامسىز؟

غوجىمۇهەممەت: بىز ئۆچۈن بۈگۈندىنمۇ زۆرۈر نەرسە بولمىسا كېرەك . بىزنىڭ بۈگۈنىمىز گاڭگىراش ، سۈكۈت ۋە پىسخىكا جەهەتتىكى نورمالسىزلىق قاتارلىق روهىي ئامىللار ئارىسىدا ياشاۋېتىپتۇ . هەرقانداق بىر قوۋم پەقەت ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش

ئارقىلىقلا ئىقتىسادنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ . بىز ئۇچۇن پەۋقۇلئاددە بىر دەۋر بولغان بۇگۈنكى زامان ئىقتىساد جەھەتتىكى يۈكسىلىش ۋە تاكامۇللۇقنى تەلەپ قىلىدۇ ، ئۇنداق بولمايدىكەن ، بىزنىڭ روھىمىز بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ.

گەرچە بۇ سۆھبەتلەر قىسمەتلىك شائىرنىڭ رېئال دۇنياسى ، روھىي كەچۈرمىشلىرى ، شېئىرىيەت قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ، ئوقۇرمەنلەرگە شائىرنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشنى لايىق تاپتىم . ئۇدۇللا قىلىپ ئېيتقاندا ، شائىرنىڭ شېئىر ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي تالانتىنى مۇنۇ نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1( مەدەنىيەت قاتلىمى . بۇ نۇقتا شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆزگىچە جۇلالانغان بولۇپ ، شائىرنىڭ شېئىرلىرى يىراق ئات ئۇستى مەدەنىيىتىنىمۇ ھەم تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ گۈزەل ئەپسانىلىرىنىمۇ ، يىراق شامانىزم ئېتىقادىدىن يېقىنقى زامان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي قاتلاملارنىمۇ ئۆزىگە مەنبە قىلغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى روشەن خاسلىقتا ئىگە بولۇپ ، باتۇرلۇق ، قارامىلىق ، ياۋايىلىق ، شۇنداقلا چۇش مىجەز بىرلىشىپ كەتكەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تولغان گۈزەل دۇنياغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان شائىر بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزگە قاراپ ئۇنلۇك نىدا قىلىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرى شېئىرىي مۇھىتىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ھازىرقى زامان رېئال قىسمىتى بىلەن كېسىشىش ھاسىل قىلغان بولۇپ ، ئۇ بىزنى ئاجايىپ قىممەتلىك ھاياجانغا ۋە گۈزەل ئەستىلىكلەرگە سېلىش بىلەن بىرگە ھەسرەتلىك خىيالغا تاشلايدۇ . ھاياتىيلىق بىزنىڭ ئەجدادلار روھىغا بولغان سېغىنىش تۇيغۇمىزنىڭ تىپىك نامايەندىسى . بوغدا ئابدۇللا ئېيتقاندەك : «شېئىرنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەقسىتى شۇ خەلق ، شۇ مىللەت روھىنى داۋاملاشتۇرۇش» . ئۇنىڭ شېئىردا ئىپادىلەنگەن قەدىمىي روھ مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن.

2) تەپەككۇر قاتلىمى . شائىرنىڭ تىلىنىڭ ئۆزگىچە ، شەكلىنىڭ رەڭدار ، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى دەل ئۇنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ نەتىجىسىدۇر . شېئىرلاردا ھېسسىيات بىلەن ئەمەلىيەت ، ئەقىل بىلەن ئىلاھىيەتنىڭ دىئالوگى شېئىرنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنيا بولۇپ يارىلىشىدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە . شېئىردا تۇيغۇ بىلەن ئەمەلىيەت بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ ، تەسىر كۆرسىتىدۇ ، يېڭىۋاشتىن باشقىچە ھالەتتە تۇغۇلىدۇ . شېئىردىكى تەپەككۇرنىڭ قاتلاملىق بولۇشى شائىر روھىيىتىنىڭ ئەركىن ، ئازادىلىكىنى بېشارەتلەپ بەردى . ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن سۇبيېكتىپ قىسمەت شائىر تەسەۋۋۇرىنىڭ كىشى ھېس قىلماس دەرىجىدىكى ئەپسانىۋى ھالىتىدە ئۆز ـ ئۆزىنى يۇگەنسىز ھالدا ئىپادە قىلدى . بۇ خىل گۈزەللىك شائىرنىڭ تەۋۇككۇلچىلىك بىلەن تولغان روھىيىتىگە يۈكسەكلىك ئاتا قىلدى . ئۇ بۇگۈنكى يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان زامانىۋى جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەرنى تەبىئىي ئادەمنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆلچەپ ، سۆزى بىلەن ئاڭلاپ تەبىئىي ئادەم (تەبىئىي روھ) ئالەمدىكى گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ . ئۇ شېئىرلاردا ئەنە شۇ تەبىئىي ئادەم بىلەن ئىجتىمائىي ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەڭ ياخشى بىرتەرەپ قىلغان شائىردۇر .

3) ئاشقىلىق ئېڭى . مەشۇقىغا بولغان تەشنالىق شائىرنىڭ رېئاللىنى ھالىتىدىن تاكى تەسەۋۋۇر ئالەمىگىچە سوزۇلغان بولۇپ ، شېئىردا بۇ نۇقتا ناھايىتى كەڭرى قويۇۋېتىلگەن . مىسرالار ئارىسىدىن نېمىگىدۇر تەلپۈنۈش ، نېمىگىدۇر زارىقىش ئوتى شېئىرىي ئوبرازلارنى غىدىقلاپ سۆزلەشكە ، ھەرىكەت قىلىشقا تەقەززا قىلىدۇ . ھاياتىدىن ھالقىشتەك بۈيۈك مەقسەتنى ئورۇنلاۋاتقان شائىرنىڭ قىسمەتلىك پاجىئەسى ئەڭ گۈزەل تراگېدىيىلىك ئاھڭنى پەيدا قىلىدۇ . تراگېدىيىلىك ئاھڭدىن ئىبارەت بۇ ئېستېتىك ۋەسۋەسىنىڭ قېنىشى شائىر روھىنى ئەنە شۇنداق دەردكە مۇپتىلا قىلغان ،

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھەربىر سۆكۈت ، ھەربىر تەنھالىق ، ھەربىر غېرىبلىق ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزلۈكسىز ئويلىنىشقا ، تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ . شېئىردىكى ئاشقىلىق ئېڭى خەلقىمىزنىڭ يىراق قەھرىمانلىق پسىخىكىسىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان . ئۇ ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىنى بۇزۇشنى ، ھەرقانداق قاراملىقلارنى قىلىشتىن نۆۋىتى كەلگەندە ئۆز ھاياتىنى مۇھەببىتىگە ئاتاشتىن يانمايدۇ . مىسرالاردىكى ئېتىقاد ، ئىنسانىي قىممەت ئۈچۈن تۆكۈلگەن ھەر تامچە ياش ، ھەر تامچە قان قاغجىراپ كەتكەن قەلب ئېتىزىمىزغا باشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ .

ئاشقىلىق دېمەك شېئىرىيەت دېمەكتۇر.

شۇنداق ، دۇنيادا شائىردىن ئىبارەت بىر قامۇس بار . بۇ قامۇسقا دۇنيانىڭ ھېكمىتى ، ئىنسانىيەتنىڭ قىسمىتى خاتىرىلەنگەن بولىدۇ . دۇنيا شائىرنى يەككە ـ يېگانىلىققا قىستايدۇ ، ۋەھالەنكى ، شائىردا ئاشقىلىق ئوتى بار . دۇنيا شائىرنى ئۆز قەلبىدىن چىقىشقا يول قويمايدۇ ، مۇھىمى ئۇنىڭ ھالاكىتىنى ياقتۇرىدۇ . ۋەھالەنكى ، شائىردا ھالاكەتتىن كېيىنكى تىرىلىش بار . تەدبىركار دۇنيا ھەممە نەرسىنىڭ ئېپپىتىنى بۇزىدۇ ، شائىرنى مۇھەببەت كۈچىدىن مەھرۇم قىلىدۇ . ۋەھالەنكى ، شائىردا تەڭرىنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان تېۋىنىشى بار . دۇنيا شائىرنى ئۆز ھوقۇقىدىن كېچىشكە مەجبۇر قىلىدۇ ، ۋەھالەنكى ، شائىردا ئەركىنلىكتىن ھالقىغان مەجبۇرىيەت بار...

جان ئارا جانان ياتۇر ئايەت ئوقۇپ

(1)

كەزسەم خوتەننى، قەشقەردە ئاھىم،

ياش تۆكتى ئاقسۇ، مىڭ ئەردە ئاھىم.

ئىزدەپ تىنچلىق بارسام ئىلىغا،

قانتى بوغۇق كەپتەردە ئاھىم.

ئاتۇشقا چىقسام تاشلار يېرىلدى،

جاندا بىلەنگەن شەمشەردە ئاھىم.

تۇرپاندا قەبرە، بولدۇم ھازىدار،

شائىرنى چاپقان خۇمپەردە ئاھىم.

كەزدىم ۋەتەننى ئون بەش چۆرگىلەپ،

ئون بەش تامچە قان مەھشەردە ئاھىم.

(2)

ئالمىخاننىڭ ئالمىسى بار، باغى يوق.

لەيلىخاننىڭ گۈلى بار، گۈلزارى يوق.

سايرىماقلار غۇنچىخانغا تەلمۈرۈپ،

ئېچىلىشقا بەھرى ئاپتاپ يازى يوق.

تاغقا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ نۇرىخان،

تۈندە كەلمەكلار ئۈنىڭ چىراغى يوق.

چىللىماقلار ھۆرىخاننى بەزمىگە،

ئاقا ئاشىق يىگىتى - سەردارى يوق.

تىكشىماقلار كۈيلىسە ئازادىخان،

جان غېمىدىن كۆكلىنىڭ ئارامى يوق.

(3)

يارىم كېلىپتۇ كۆرۈپ كەتكىلى.

ساچىنى چۇۋۇپ، ئۆرۈپ كەتكىلى.

جېنىمنى ئويناپ بارماقلىرىدا،

بارماقلىرىمدا ئۈلۈپ كەتكىلى.
دوزاق ئوتىدىن ئالغاچ كېلىپتۇ،
ئۆچكەن قېنىمغا كۆمۈپ كەتكىلى.
لەۋلىرى سەرسان، كۆكسىدە ئىسيان،
يىغلاپ كېلىپتۇ، كۈلۈپ كەتكىلى.
سۇندۇر قەدەھنى، جىسمىم شاراپتۇر،
يارىم كېلىپتۇ چۈمۈپ كەتكىلى.

(4)

گۈل ئېچىلدى، تاڭدا ئۇخلار بۇلبۇلى.
تال يىشىندى، سۇدا ئوينار سۇمبۇلى.
چۆل مۇقام چالۇر بوران پەنجى ئىلە،
شەمۇ ـ شە ياڭرار مۇساپىر مەرغۇلى.
ئەر بالاغەت دەشتىدە پىيادىدۇر،
ئىنتىزار ، باغلاقتا كىشنەر دۇلدۇلى.
جان ئارا جانان ياتۇر ئايەت ئوقۇپ،
نۇر چاچار كۆزىدە ئىشرەت يۇلتۇزى.
ئەي خۇدا سەن كىمنى يار قىلدىڭ ماڭا،
جىسمى خار، قەلبى مۇھەببەتنىڭ قۇلى؟!

(5)

تەرسالىقىمدا ئىتائەت ئۆلمەس.
رەسۋالىقىمدا مۇھەببەت ئۆلمەس.

ئۆلۈم دەشتىگە سالمىسام ئاتنى،

هايات باغچامدا هالاكەت ئۆلمەس.

مىڭ بىر كېچىگە ياقمىسام چىراغ،

جىنلارنىڭ سۈرى ـ قاباھەت ئۆلمەس.

رەقىپ ياشلىرىدا يۇيۇنمىسام گەر

يۈرىكىمدىكى جاراھەت ئۆلمەس.

قۇتۇلمىغىچە جان ھىجرانىدىن،

روھىمدىكى جىنايەت ئۆلمەس.

(6)

ئۆزۈمگە بىر ئۆزۈم ھەقدا قەلەندەر مەن.

ساپايەم زارىدىن سەۋدا قەلەندەرمەن.

كېچىپ نىگاردىن كىم يەتتى ھىجرانغا،

ئۇنىڭ ھۆر قان ۋە ياشىدا قەلەندەرمەن.

ۋىسال ئارغامچىسىدا كىم باغلىنىپ يىغلار؟

بەخت ئىچرە جۇداسىدا قەلەندەرمەن.

بىراۋنىڭ تاجى كۈلپەتتۇر بۇ باشىمغا،

شەھانە قۇل ئاراسىدا قەلەندەرمەن.

بىھۇشلۇق چۆلىنى ئىستەيدۇ بۇ كۆڭلۈم،

يېشىلسەم گۇل بازارىدا قەلەندەرمەن.

(7)

كۆنسە كۆرۈمگە كۈلپەت نائىلاج.

كۆنسە ئۆلۈمگە قىسمەت نائىلاج.

ۋەھىمە بىرلەن مەھكەم تاقالغان
قەبرەئى دىلغا رىغبەت نائىلاج.
ھەقىقەت ـ قىلىچ، نۇرى ـ قىزىل قان،
بىلمىگەن ئەرگە ھېكمەت نائىلاج.
ئۇنتۇپ ياشىغان ئۆلەر سېغىنىپ،
سېغىنمىغۇچە ئىبرەت نائىلاج.
جان تەندە ئامان ـ قۇلۇڭدا جاھان،
بىلمىسەڭ مەڭگۇ پۇرسەت نائىلاج.

(8)

سېغىن باش ئۇرغىلى خۇدا ياخشى.
ئاڭا يەتكىلى ھەم گۇنا ياخشى.
ۋەتەنسىز قالمايدۇ ئىتمۇ ئاخىرى ھەرگىز،
تىللىما زىكرىگە ھەمدۇ ـ سانا ياخشى.
گادايلىق تونىنى سال ، دېدىڭ كىمگە؟
بىراۋنىڭ تاجىدىن ئەسكى كۆلا ياخشى.
قۇياشقا تەلمۈرۈپ ياتقان كېچەلەردىن،
سەپەردە بولغىنىڭ جاندىن جۇدا ياخشى.
غوجى جان ئايۋانىدىن چىق قىلىپ ئىسيان،
سايدىكى قارا تاشقىمۇ سادا ياخشى.

(9)

نەۋائىي ھەزرىتىم ياققان چىراغمەن.
شاھ مەشرەپ چۆلىدە يالاڭ ئاياغمەن.

جاھانىنى تەلمۈرتۈپ مەيسىز، بادەسىز،

ھەييامنىڭ قولىدا سۇنغان ئاياقمەن.

كۆيمەن دوزاخ مەندە بولغىچە ۋەيران،

زېمىننىڭ قەلبىدە يانغان پىراقمەن.

ئىسمىمدىن قان ئاقىدۇ، جىسمىمدىن جان،

تۇلپار ئىزىغا قايتقان تۇپراقمەن.

كەچۈر ئەي تەڭرىم ئازسا قەلىمىم،

قۇياشقا يېقىن تاڭدىن يىراقمەن.

(10)

بىر دېسەڭ مىڭ بولۇپ چېچىلغايمەن.

مىڭ دېسەڭ بىر بولۇپ يىغىلغايمەن.

سىر دېسەڭ كۆز يېشىمنى چۈشەنمەستىن،

قىپ ـ قىزىل قان بۇلۇپ ئېچىلغايمەن.

ئۆلدى دەپ سۈرەن سالساڭ ئالىمىڭگە،

قايتىدىن دارلىرىڭغا ئېسىلغايمەن .

تۈن دىسەڭ ھاياتىمنى، تۈن كۆكسىگە

نۇر دېگەن ئەشار بولۇپ يىزىلغايمەن.

مەن بار مەن سېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭدا،

تاكى سەن ئۆلمىگىچە ياشىغايمەن.

(11)

ئېگىلگەن باشقا ئۇرارمەن قېلىچ.

ئېزىلگەن تاشقا ئۇرارمەن قېلىچ.

ئەڭ چوڭ دۈشمىنىم بىچارىلىكتۇر،
تۆكۈلگەن ياشقا ئۇرارمەن قىلىچ.
رەقىبىم بولسا ئامان قويمىسۇن،
ئۇ بەرگەن ئاشقا ئۇرارمەن قىلىچ.
ئۆتتى پۈشايماندا ھەر بىر كېچەم،
ئارسىز قۇياشقا ئۇرارمەن قىلىچ.
قەبىھ قەيسەرلىكىمدە مەۋجۇتمەن،
تىترەپ ياشاشقا ئۇرارمەن قىلىچ.

**(12)**

ئۇھسىنىپ دەم ـ دەم دەرىزەمنى قاقار بىر كىم.
پەرىشان كۆڭلۈمنى يەنە سۈندۇرۇپ چاقار بىر كىم.
مۇھەببەت تۇندىكى بىر تال يۇلتۇزدا ئويغاق،
خىيالىمنى ئېغىر ساپانغا قاتار بىر كىم.
جېنىم سىرسان ، ئۆلۈم دەرۋازىسىنى ئەتمەپتۇ،
يۈرىكىمدىكى پىراق داۋانىدىن ئاشار بىر كىم.

## ئەرنىڭ ئىپپىتى

كۈلسە لەۋلىرىدە گۈللەر ئېچىلار!
يىغلىسا كۆزلىرىدىن ئۈنچە چېچىلار
ماڭسا ئايىغىدىن تىللا تۆكۈلەر .

نەدىسەن مېنىڭ گۈزەل مەلىكەم؟

خوتەن دەشتىدە مەن پىيادە

ھاسام ئۈپرىدى قۇياش كۆزىدە.

ئولتۇرۇپ ئەڭ ئېگىز بىنانىڭ پەلەمپىيىدە

تاكسىدىن چۈشۈۋاتقان، ئىشتان كىيمىگەن

قىزلار ئىچىدە

سېنى بارمىكىن دەپ قاراپ قالىمەن.

قاتتىق ھاقارەتتىن يۈزلىرىم چىم - چىم

ئانا گۆشى ساتماقتا بىر كىم

سەن تېخى قاندىن قورقىدىغانلىقىڭنى بىلمەيتتىڭ.

دەرەخ شېخىدىكى ھىجرانكار كاككۇك

مېنىڭ ساڭا چاڭقاشلىرىمنى چۈشىنەر بەلكىم.

سەن بىلمەيسەن، بۇ يەردە

ئۇر توقماق ئەسەبىيلىشىپ ئۆز ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى.

ئېچىل داستىخان ئېچىلىۋېرىپ قۇرۇتىۋەتتى ئېتىزدىكى ئاخىرقى داننى.

ساڭقاك ئىشكىم ئوغرىلاندى، تەڭگىلەرنىڭ شاراقلاشلىرىدىن

كېلەر ئۇنىڭ تاياق ئازابىدا ھاڭرىغان ئۈنى.

چۈشۈپ ئاسماندىن ياغاچ ئاتقا مىنگەن شاھزادە

سېتىۋەتتى ئاچلىقتىن ئېتىنى ئوتۇن بازىرىدا.

پادىچى تازىنىڭ مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ

تۇرغىنىنى كۆردۈم كىتابخانىدا

پەرھاد ئون يىل تەشتى بىتون ئەمەس شېرىن تېغىنى،

غېرىب پالاندى چۆلگە ئەمەس سەنەمنىڭ مۇشكۇل مۇھەببىتىگە.

تاھىر ئاقتى دەريادا ئەمەس زۆھرەنىڭ كۆز ياشلىرىدا

چۇشەنمەيدۇ بۇنى مەڭگۇ ئاشىقتىن ئۆزگە.

سەن نەدە قەدىمدىنمۇ يىراق بىر يەردە

دەرەخ كاۋىكىدا مېنى ساقلاپ تۇرامسەن؟

ئاسمان، دېڭىز، تاغ

تۇغۇلامدۇ ئۈچ ئوغلۇم قايتا؟...

ئۇلارنى سەن تۇغۇپ بېرەمسەن؟!...

مەن ئورۇق، ئاچ

مەن ساڭا خۇمار

ئەرلەر ئىپپىتىنى يوقاتقىلى بولدى يۈز يىللار.

رادىئو جىنسىي كېسەل تۇغرۇلۇق بەرمەكتە ئېلان

ئەرلەرنى چۆچۈتكىنى ئېلان ئەمەس

قەرز سۈيلەۋاتقان تەلۋە ئايالار.

ۋەتەن

ئەرنىڭ ئىپپىتى.

ۋەتەن

ئەرنىڭ ياتلاشقان ئېتىقادىدا

سۇسلاشقان ئىمانىدا

داتلاشقان پىچىقىدا

چاڭقاپ ياتقان بىر سىقىم تۇپراق

قانغا، ۋىجدانغا.

قورقۇپ كەتتىم

ئۈمىدسىزلىكنىڭ يۈرىكىمنى لەختە ـ لەختە قىلىپ ئۆھسىنىشىدىن

ئايال كۆز يېشىنىڭ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈشىدىن

ئىشتان بېغىغا قول ئۇزاتقاندا

پۈتمەس قەرزلەرنىڭ ئەسەبلىرىمنى بوشتىشىدىن.

ئاھ، مېنىڭ گۈزەل مەلىكەم

كۈلمەي، يىغلىماي، ماڭماي مېنى ساقلاپ تۇرامسەن

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە.

## ئۆلدى.....

شام ئالدىدا پەرۋانە ئۆلدى،

نان ئالدىدا دىۋانە ئۆلدى.

ھەييام بىر ئۆمۈر ئىچمەي مەي ـ شاراب،

جام ئالدىدا مەردانە ئۆلدى.

ئاشىق تۇنلەرگە سۆزلەپ يۇرمىسۇن،
ئاي ئورداسىدا تىنەپ يۇرمىسۇن.
مەشۇقى دىلدا ئىزدەپ يۇرمىسۇن...
بۇلبۇل گۇل نازىغا ھەيرانە،ئۆلدى.

يىڭنە قۇلىقىدىن ئۆتتى كارۋانلار
ئۇستىخان سۆڭەكلىرىدىن قۇردى ئايۋانلار.
تەن قالدى، روھنى كۆمدى بارخانلار
ۋەتەنسىز ئۆز يىرىدە سەرسانە ئۆلدى.

تىرىكلىك ـ پۇرسەتتۇر، بىلمىدى، كۆچتى،
يورۇقلۇق ـ ھېكمەتتۇر، بىلمىدى، ئۆچتى.
ئەرك ـ جەننەتتۇر، بىلمىدى،يۇتتى،
زەردارنىڭ قولىدا دۇردانە ئۆلدى.

زەئىپ نالىلەردىن قەبرە ئېچىلماس،
مەككىگە بارسىمۇ ئىمان تېپىلماس.
ئېگىلگەن باشقا قېلىچ چېپىلماس....
دېدى ـ دە، ئۆلدى، ھامانە ئۆلدى.

بىر دەريا دەردىم بار،مىنىڭ بىر دەريا،
دەريانىڭ بويىدا بىر مايماق سۆگەت.
بىر قاغا سۆگەتنىڭ شېخىغا قونۇپ،

چىللايدۇ يار سىنىڭ ئىسمىڭنى ئەبەت.

شۇ قەدەر ئۇزۇن ھەم چوڭقۇر ئۇ دەريا،
يوق لېكىن دەريادا بىر تامچىمۇ سۇ.
چاكۇچاك يىرىلغان قاپاقنى يۇدۇپ،
بىر ئايال ھەر كۈنى سۇغا كىلىدۇ.

شۇ ئايال سەن بولساڭ ئاھ جىنىم يارىم،
دەريانىڭ بويىغا كەلمىگىن ئەمدى.
مۇھەببەت دەرياسى قۇپقۇرۇق لېكىن،
رەھىمسىز دولقۇنى غەرىق قىلار سېنى.

(1)

كۆزلىرىمدىن ئارمانىمنى كۆر ،
كىرپىكىمدىن كارۋانىمنى كۆر .
ئاڭلاپ ھايات قوشاقلىرىنى ،
مۇزلاپ قالغان گۈلخانىمنى كۆر .

ناماز ئوقۇر جېنىم تېنىمدە ،
ئىمان ئېيتقان شەيتانىمنى كۆر .
قايتار ھەممە ھەقكە ، رەھىمگە ،
قايتىۋاتقان جەريانىمنى كۆر .

(2)

بىنالارنىڭ قورسىقى ئاچتى ،
ئۆسساپ كەتتى كوچا ـ رەستىلەر .
قولىرىنى سوزار «گۇناھ» قا ،
يۈرەكتىكى گۈللەر ، كەشتىلەر .

ھۆررا تۇۋلاپ ئۆتەر كۆلەڭگە ،
ئەگەشتۈرۈپ جىنلارنى پات ـ پات .
ئادەملەرنىڭ بىلىمى ئاشتى ،
ساۋادسىز بوپ قالدى ئېتىقاد .

(3)

ئايغا قاراپ بولدۇم يالىڭاچ ،
كۈنگە قاراپ قالدىم نائىلاج .
گۈلگە قاراپ يارىمنى كۆردۇم ،
تاقىۋاپتۇ خازانلاردىن تاج .

داپتا بوران ، تەمبۇردا ئىسيان ،
دۇتار چېلىپ قالدىم بالادا .

كىيىپ جۇل ـ جۇل جەندە ـ كۇلانى ،
ناخشا ئېيتار كۆڭلۇم تالادا .

(4)

تۇرار جايىم بولمىسا مېنىڭ ،
بارار جايىم باردۇر ئەلۋەتتە .
ياشار جايىم بولمىسا مېنىڭ ،
ئۆلەر جايىم باردۇر خىلۋەتتە .

ياماشقاندەك ئايغا مەجنۇنتال ،
ياماشارمەن يارغا يا دارغا .
تاڭلا باھارىم بولمىسا مېنىڭ ،
قانداق دەسسەي گۇناھسىز قارغا ؟!

# تارىخ

ۋاراقلىدىم تەن گۈلخانلىرىنى
قۇياش مۇزلاپ ياتقان ئاسماننى كۆردۇم
ۋاراقلىدىم چۆل بارخانلىرىنى
يىلتىزى سارغىيىپ كەتكەن ئىماننى كۆردۇم
ۋاراقلىدىم روھ ئىسيانلىرىنى

مەشرەپ دارغا ئېسىلغان جەريانىنى كۆردۈم.

شەھەر سەھرالاردىن كەتتى يىراقلاپ،
تاشلار سايدا ياتار يېلىڭ، يانچىلاپ،
دەريالار ئاقار ئۈنسىز، قىرغاق قاغجىراپ...
بىر سىقىم توپىنى ئالسام قولۇمغا
ۋەتىنىم يۈيۈنىۋېتىپتۇ كىندىك قېنىمدا.
بىر سىقىم قۇمنى ئالسام قولۇمغا
ئاتلار كىشنەپ كەتتى شۇئان جېنىمدا.
ئېچىپ كۆكسۈمنى
ئۆتمە - تۆشۈك بوپ كەتكەن قالقانىنى كۆردۈم.
ئېلىپ قالقانىنى
خۇدا ئۇخلاپ ياتقان ئايۋانىنى كۆردۈم.

شەھەردە ياشايمەن،
دەريا - كۆللەرنى ئۆيۈمگە باشلاپ
دەرەخلەرنى شېشىلەرگە قاچىلاپ يەيمەن.
ئون قەۋەت بىنانىڭ پەلەمپىيىدە
قاراپ سەدىقە تىلەۋاتقان ئىككى ئادەمگە
ئۈيغۇر چۆلىدە

تۆگىسىگە مىنەلمەيۋاتقان كارۋاننى كۆردۈم.

## ئايغا قاراپ بولدۇم يالىغاچ

(1)

كۆزلىرىمدىن ئارمانىمنى كۆر ،
كىرپىكىمدىن كارۋانىمنى كۆر .
ئاڭلاپ هايات قوشاقلىرىنى ،
مۇزلاپ قالغان گۈلخانىمنى كۆر .
ناماز ئوقۇر جېنىم تېنىمدە ،
ئىمان ئېيتقان شەيتانىمنى كۆر .
قايتار ھەممە ھەقكە ، رەھىمگە ،
قايتىۋاتقان جەريانىمنى كۆر .

(2)

بىنالارنىڭ قورسىقى ئاچتى ،
ئۇسساپ كەتتى كوچا ـ رەستىلەر .
قوللىرىنى سوزار «گۇناھ» قا ،
يۈرەكتىكى گۈللەر ، كەشتىلەر .
ھۆررا توۋلاپ ئۆتەر كۆلەڭگە ،
ئەگەشتۈرۈپ جىنلارنى پات ـ پات .
ئادەملەرنىڭ بىلىمى ئاشتى ،

ساۋادسىز بوپ قالدى ئېتىقاد .

(3)

ئايغا قاراپ بولدۇم يالىڭاچ ،
كۈنگە قاراپ قالدىم نائىلاج .
گۈلگە قاراپ يارىمنى كۆردۈم ،
تاقىۋاپتۇ خازانلاردىن تاج .
داپتا بوران ، تەمبۇردا ئىسيان ،
دۇتار چېلىپ قالدىم بالادا .
كېيىپ جۇل ـ جۇل جەندە ـ كۇلانى ،
ناخشا ئېيتار كۆڭلۈم تالادا .

(4)

تۇرار جايىم بولمىسا مېنىڭ ،
بارار جايىم باردۇر ئەلۋەتتە .
ياشار جايىم بولمىسا مېنىڭ ،
ئۆلەر جايىم باردۇر خىلۋەتتە .
ياماشقاندەك ئايغا مەجنۇنتال ،
ياماشارمەن يارغا يا دارغا .
تاڭلا باھارىم بولمىسا مېنىڭ ،
قانداق دەسسەي گۇناھسىز قارغا؟!

## توي كېچىسى كەلدى يادىمغا

ئات بازىرىدا كېتىۋاتاتتىم

ئىككى ئەر مۇشتلىشىۋېتىپتۇ.

بىرسىنىڭ كۆڭلىكى يىرتىلىپ

مەيدە تۈكلىرى ھۇرپىيىپ.

بىرسىنىڭ قانلىرى چېچىلىپ،

قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ...

توي كېچىسى كەلدى يادىمغا،

ھوجرا

خوتۇنۇمنىڭ كۆزلىرىدەك قاراڭغۇ ئىدى.

مەن پەردىنى قايرىۋېتەي دېگەن

ئۆينى ئۆرۈۋېتىشنى ئويلىمىغان.

قان ئاققۇزاي دېگەن،

ئۆلتۈرىۋېتىشنى ئويلىمىغان.

ئەتىسى سەھەردە -

گۈل ئېچىلىپتۇ دېگەن يەڭگىلەر،

مەن بۇلبۇل بولۇپ سايرىغان،

شۇندىن بېرى قىزىل گۈلنى مەن

پاك سۆيگۈگە سىمۋول قىلغان...

# تارىم

1

دەھشەتلىك دولقۇنغا تىكىلگەن قىرغاق
گوياكى ۋىسالغا زارىققان قىزچاق.
كېلىدۇ سەھەردە ئاتلىق قاراقچى،
قولىدا شەمشىرى يېنىدا پىچاق.

يىرىلار قاپقارا تاشلار ۋارقىراپ
ئاقىدۇ كۆك ئاسمان يەرگە تامچىلاپ.
قاراقچى قىزچاقنى كىتىدۇ بۇلاپ
چۆل ،ئاھ چۆل ،ۋەتەننىڭ روھىغا قاراپ.

چۆلدە قۇم، توغراق ۋە قۇرۇق ئۇستىخان،
ئاشىق، ئوتۇنچى، تۇزچى ۋە خاقان...
بايراق بوپ لەپىلدەر تۆكۆلگەن قانلار،
قىرىق كۈن توي بولار، قىرىق كۈن ئىسيان!

2

بىر ياۋاش كالىدەك ساپانغا قاتقان،
ئەركسىز قەۋىمدەك زەنجىرلەپ چاتقان
قەيەرگە ماڭدىڭسەن خىيالدىن ئېزىپ
ماكانىڭ قايدا، نىشانىڭ قايان؟!

كەلدى تارىمدىن كۈتمىگەن سادا:

ئوقلار دۈتار جانىنىڭ ئىچىدە،

خارلىق ئۇسسۇل ئوينار قانىنىڭ ئىچىدە،

ئاچلىق ناخشا توۋلار نانىنىڭ ئىچىدە.

قۇياشقا نە كېرەك ئاسماندىن بۆلەك،

ئاشىققا نە كېرەك ھىجراندىن بۆلەك،

خۇدا قايغۇرماس ئىنسانغا ئەسلا،

بولدى كۆپ زامانلار،دولقۇنۇم شېھىد،

ماڭدىم تىرىلگىلى تەكلىماكانغا،

ھەركىم جان بەرسۇن ياكى جان ئالسۇن،

يەتكىلى ئۆزىدىكى جانغا،جانانغا...

3

كىم ئۇ تارىمنى قۇرۇپتۇ دېگەن،

تارىم قۇرىمايدىغان تەكلىماكاندۇر.

كىم ئۇ ئىتقادنى ئۆلۈپتۇ دېگەن،

ئېتىقاد ئۆلۈمدىن يۈكسەلگەن جاندۇر.

قۇم دېڭىزىغا سالدىم كېمەمنى،

كىم ئۇ غەرق قىلالماس بورانلار دېگەن؟

تۇلپارنىڭ كىشنىشىگە سالماستىن قۇلاق،

كىم ئۇ ئۇيقۇدا بارخانلار دېگەن ؟!

# غېرىبنىڭ ناخشىسى

قەلبىمدىكى چۆلگە پالاندىم
سۆڭەكلىرىمدە هارۋا غىچىرلايدۇ.
ئېيتقان ناخشىلىرىمدا يارىلاندىم
گۆشلىرىمدە ئىتلار قاۋايدۇ
ئەينەك يالىڭاچ،سۇ يالىڭاچ
تۇپراق توختىماستىن مېنى باغلايدۇ.
سەنەمجانىمسەن قايدىسەن،
بۇلانغان كۆلپىتىمدە قالدىم يېگانە.

بوران قول ياغلىقىنى قويدى يۇتتۇرۇپ
تارام ـ تارام ياشلىرىمدىن تولمىدى تامچە.
مۇساپىر باياۋىنىنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچلىقى
چۈشلىرىمگە تاشلىدى سايە.
توغراق قۇرىدى، يۇلغۇن چېچەكلىمىدى،
ئاتلار پىيادە، تۆگە پىيادە.
سەنەمجانىم قايدىسەن،
بۇلانغان هەسرىتىمدە قالدىم يېگانە.

ئىنتىقام ئالغۇچە ئۆلدى ئارىسلان

ئەينەك شىشىلەردە لىپمۇ ـ لىق ھىجران.
ئازابلىرىمدىن گۈلدەستە تىزدىم
قالمىدى ئۈستۈمدە بىر زەررە ئاسمان.
سېنى سۆيگۈدەكمۇ قالمىدى تاقەت.
قېنى مۇھەببەتنىڭ شاھى ئابباسخان؟
سەنەمجانىم قايدىسەن،
بۇلانغان تەقدىرىمدە قالدىم يېگانە.

سۆيگۈ رەسۋالىقنى يۈردۈم كۆتۈرۈپ
ئەسىرلەر ئۆنىڭدىن توقىدى قىسسە.
يىڭنە ئۇچىغا دۆۋىلەپ قۇمنى
ئۇخلار خالايىق بارخان ئىچىدە.
مېنى باغلىغان زەنجىر روھىمدا
مېنى بەنىت قىلغان قەپەز ئىچىمدە.
مېنى پالىغان چۆل قەلبىمدە
نالەم مۇقاملاردا ياڭرىسا زار ـ زار
ئۇلار ئۇسۇل ئوييناپ قىلدى تەنتەنە.
سەنەمجانىم قايدىسەن،
بۇلانغان نەپرىتىمدە قالدىم يېگانە.

چاھار باغنى تاپالمايمەن،
تاپسام چۆل بولۇر، دەرد يىتىپ گۈلگە.

سىنى كۆرەلمەيمەن،كۆرسەم ئىشق ئوتلىرىم ئۆچۈپ

ھاياتىم ئايلىنار بىرسىقىم كۈلگە.

سىنىڭ دەردىڭدە مەن غىرىب

پالانغان مەڭگۈلۈك سەندىكى چۆلگە.

سەنەمجانىم قايدىسەن،

بۆلانغان مۇھەببىتىمدە قالدىم يىگانە

## قاراقچى

سۆلكەتلىك پەرىشتەم قېنى سەن، قېنى،

باھاردەك باغرىڭغا ئالامسەن مېنى.

يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن كۆزۈڭگە قاراپ،

سەزمەكتە يۈرىكىم ئۇزاق كېچىنى.

ئاق ئېتىم باغلاقلىق چۆلدە توغراقتا،

يايلىنى تارايدۇ ئۇنىڭ بورانلار.

قىلىچىم پارقىراپ تۇرۇپتۇ،ئايدا،

بىلەيدۇ توختاۋسىز ئۇنى زامانلار.

تەييارمەن كۈلپەتكە،تەييارمەن دەردكە،

تەنتەنە قىلىمەن چەككەنچە ئازاب.

بىر جېنىم مىڭ بولۇپ قىلىدۇ بايرام،

ئۆلۈمنىڭ يەنە بىر ئىسمىنى تۇۋلاپ.

كېتمەن تۈيدۈرماي يېرىم كېچىدە
قاراقچى دە، لېكىن تۆكمىگىن كۆزياش.
بىلەيسەن،باغلايدۇ نۇرىدا مېنى،
سەھەردە شەرقتىن چىققان شۇ شۇ قۇياش.

## رەزىل ئايالنىڭ ھىكايىسى

مۇھەببەت،مۇھەببەت مېنىڭ نام ـ ئېتىم،
كۈتىمەن زارىقىپ قاراقچىنى مەن .
تىنجىماس دۈپۈرلەپ قەلبىمدە ئاتلار
بېسلماس روھىمدا چوقان ۋە سۈرەن...
بۇ تىنجىق موھىتتىن بۇلاپ كەتكىلى
كەلمەيدۇ ۋە لېكىن شەكىلسىز ئۇ تەن!

كۈتىمەن قاتىلنى قانغا مېلىنىپ
كۆكسۈمدە مەڭگۈلۈك بىر سۇنۇق پىچاق.
ئازابلىق ۋە شېرىن ئاغرىق ئىچىدە
قارايمەن زۇلمەتلىك تاملارغا ئۇزاق.
ئۆلسەم ئاھ ۋەسلىگە يىتەتتى جىنىم،
ياكى چىن هاياتقا كۆز ئاچسام تېزراق...
كەلمەيدۇ ۋە لېكىن ئۇ قاتىل ھىچ ۋاق.

كۆتمەن ئوغرىنى،ۋەھشى قىمارۋاز
رەھىمسىز بىر لۆكچەك...تېشىپ تاملارنى
چېقىپ ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنى
كەتسە بۇ ھاياتتىن ئوغرىلاپ مېنى.
ئۆتتۇر قىمارۋاز،چەيلىسە لۆكچەك
يىرتىلسا سۆكىتىم قىپقىزىل يەردە
تاپسام بۇدۇنيانىڭ چىن مەنىسىنى...
كەلمەيدۇ ۋە لېكىن كەلمەس ئاھ ئۇلار
يوقاتقان ئۆزىنىڭ رەزىللىكىنى.

كېزەر ئاي بىپايان تۇن ئاسمىنىدا
ئۇ مەڭگۇ يىگانە،ئۇ مەڭگۇ تەنھا.
بىلمەس ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى،
تارايدۇ چېچىنى،ئىيتار شاد ناخشا.
سۆيمەيدۇ ھېچ كىشى ئۇنى ۋە لېكىن
قوشاقلار قاتىدۇ ئاتاپ ئۇنىڭغا .

ئېچىلار قىزىل گۇل ھەر باھار تاڭدا
ئۇزىدۇ مەپتۇن بوپ ئۇنى ھەممىلا.
سولىدۇ شۇھامان تۇگەيدۇ ئۆمرى
لېكىن گۇل ئىستەيدۇ پەقەت شۇنىلا.
سۆيمەيدۇ ھېچ كىشى گۇلنى ۋە لېكىن

ئۆزىدۇ سۆيگۈچۈن ئۇنى يەنىلا ...

تۇرىمەن تېنىمنى سىيلاپ ئامالسىز
هامان بىر ئىستەككە قانمىغاندەكلا.
قوشاقلار توقۇلغان ماڭا ساناقسىز،
ئۇزگەن هەم نەچچە رەت ئىتەكلىرىمدە
قالغىنى بىر سىقىم خازان ئارانلا.
ئاھ نەپرەت !
كىم ماڭا قوزغىتار نەپرەت؟
نەپرەت ئۇ سۆيگۈنىڭ قايناق بۇلىقى.
ئاتسۇن تاش چالمىلار،قان يىرىڭ ئىچرە
ۋارقىراي سۆيگۈنىڭ ھەقىقىتىنى:
مۇھەببەت كۆنمەيدۇ مېھرىبانلىققا
كىم ئۇ قۇل، يىلىنىپ باش ئۇرغان ئاڭا؟
ھېچ كىشى ھېچكىمنى سۆيمەس زەررىچە
ماكان ئېتەر ئۆز ھىسياتىغا.
دۇنيادا يەقەتلا بىرلا ئادەم بار،
باردۇر بۇدۇنيادا ھەم بىرلا خۇدا.
سۆيگۈچى قۇتۇلسۇن ئۆلىۋىلىپ،يا
ئۆلتۈرۈپ سۆيگۈنى قىلسۇن ئۇ ئادا.

كېچىلىك بازاردا كىمدۇر،مەن ـــ جالاپ،

جەيناماز ئۈستىدە كىمدۇر ،مەن ـــ ئانا.

خاقاننى قەستلىگەن كىمدۇر ،مەن ــ جادى،

ياۋلارنى تىترەتكەن تۇمارىس يانا...

شېئىرلار جىنايەت ئۆتكۈزدى مەندە،

رەسىملەر خىيانەت قىلماقتا ماڭا.

مۇزىكا ئەسەبىي قىلماقتا قىرغىن

باستۇرۇپ كىرىپ ئۆز جىمجىتلىقىغا.

بۇ دۇنيا ماڭا ھېچ كېلەلمەيدۇ يۈز،

قېنى ئەر، ئاھ ماكان بولغۇدەك ماڭا.

بىر رەزىل ئايالمەن سەرسان،ماكانسىز،

قاراقچى،قاتىل ھەم ئوغرىغا تەشنا !

## رەڭگارەڭ سۆزلەر

ئۆلۈمنىڭ ئاپئاق رەڭگىنى قارا رەڭدە ئالداۋاتىسەن

ھاياتنىڭ سىرىق سۈلىرىنى يېشىل رەڭدە چايقاۋاتىسەن

ئۆمرۈڭنى زىرىكىشلىك قىزىل رەڭدە بوياۋاتىسەن

مۇھەببەتنىڭ مەينەت كېسەللىكىنى

ھەتتا

يۈرىكىڭنىڭ مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلگەنلىكىنى

ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ

قاراڭغۇ كوچىلاردىن مەشئەل كۆتۈرۈپ ئۆتكەنلىكىنى

ئۆلۈكلەرنىڭ ئەبەدىلىك تەبەسسۇمىدا

تەڭرى چىھرىدەك

ھەممە رەڭلەرنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆچكەنلىكىنى

سۆزلەۋاتىسەن. . .

## گۇلنى پىنھان قىلىپ، غۇنچىسىن قات ـ قات قىلۇر

گۇلنى پىنھان قىلىپ، غۇنچىسىن قات ـ قات قىلۇر،

بۇلبۇلى بىچارىنىڭ كۆڭلىنى ناشاد قىلۇر.

قاشىدىن ئەگىپ ئۆتەر ئايمۇ مۇئەللەقتىن چۈشۈپ

لەۋلىرىدە مەيۇ ـ مەيخانە ھامان پەرياد قىلۇر.

ساچىنىڭ بوستانىدا ئوتلار كىيىك

كىرپىكىن قاقىپ نۆۋەر جاللات قىلۇر.

ئۆلگىلى ياتسام ئۇنىڭ قۇچاغىدا

بىر كۈلۈپ ئەجەلنى ئۇ بەرباد قىلۇر.

نە قىلاي بۇ جان بىلەن جاھاننى مەن؟

بىر ـ بىرىگە ئىككى ئالەمنى يەنە ئۇلپەت قىلۇر.

ئاھ، بۇ دەردىم كىمگە ئېيتاي، بىلمىدىم.

تەڭرىمۇ ھەم ئىشىق ئۇچۇن خىزمەت قىلۇر.

# گۈگۈمدىكى ئالۋاستىلار

سۈنىڭ پىشانىسىدىن

ئوتنىڭ غەۋغاسىدىن

توپىنىڭ زەنجىرىدىن

قۇمنىڭ غەلۋىرىدىن

نۇر ۋە زۇلمەت ئۇچراشقان جايدىن

ئەڭ يىراق سايدىن

ئورۇق قەبرىلەردىن...

ئايەت ئوقۇۋېتىپ ئاداشقان

ئۆلۈۋېتىپ كۆزىنى ئاچقان

كۆمۈلمەي قالغان

غېرىب جەسەدلەردىن...

مەينەت يۇندىلەردىن

تۇپراق قوينىغا ئالمىغان قاندىن

تا ئۆلگەندىمۇ

چىقىپ بولالمىغان جاندىن

كەلدى توپ - توپ ئالۋاستى

مېنى ئارىغا ئالدى

بۈيۈك پادىشاھىمىز، دېدى

قولى يوقلىرى ساز چالدى

پۇتى يوقلىرى ئۇسسۇل ئوينىدى

تىلى يوقلىرى ناخشا ئېيتتى

بېشى يوقلىرى سورۇنغا باش بولدى

كۆزى يوقلىرى كۈزەتچى بولدى

يۈزى يوقلىرى تۆرگە ئۆتتى

مەن راستىنلار سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلارمۇ، دېسەم

بەرھەق، ئالىلىرى

چۈنكى

سىلىنىڭ ھېچنىمىلىرى يوق، دېدى...

ئاھ، مېنىڭ خەلقىم!

## قەتلە بايان

جەننەت ئىرىقلىرىدىكى ئاسمانلارنىڭ بىر تامچىسىنى

دوزاخ شاخلىرىدىكى گۈلخانلارنىڭ بىر غۇنچىسىنى

يۈرەكتىكى قارا تاشلارنىڭ تۇگۈنچىسىنى

ئايغا ئاققان قوشاقلارنىڭ سۆيۈنچىسىنى

قەھرىمانلارنىڭ جەسەدلىرى كۆمۈلگەن داستانلارنىڭ بىر ۋارىقىنى

ئالغا! دەپ ۋارقىرىغانچە ئىلگىرىلەۋاتقان ئۆتمۈشنى

كىرىۋاتقان، چىقىۋاتقان جانلارنىڭ

ئېچىلىۋاتقان، يېپىلىۋاتقان ئىشىكلەرگە ئوقۇۋاتقان مەدھىيىسىنى

بارغانسىرى يىقىن بولغان يىراقتىكى قەبرىلەرنى

تەكرارلانماس قىز بالا ھەم تەكرارلانغان كارۋاتلارنى

قاندىكى سۇ، گۆشتىكى نان، سوڭەكتىكى قەسەملەرنى

باشقا قىلىچ ئۇرۇلۇشنى، بويۇنغا سىرتماق سېلىنىشنى، كۆكرەككە ئوق تېگىشنى

ئاخىرقى تىنىقتا كۆز ئالدىغا كەلگىنىنىڭ

ۋەتەن دېگەن كىشەن ئىكەنلىكىنى، خەلق دېگەن دۈشمەن ئىكەنلىكىنى

ئۇ ئارزۇ قىلغان گۈزەل ھاياتنىڭ

ئۆزى خازان قىلغان گۈلشەن ئىكەنلىكىنى...

## ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام

ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام

چېچىم ئۆركەشلەر شامالّلارنىڭ قەلەندىرىگە

ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام...

مەندە مەندىن باشقا ھېچكىم يوق

مەندە مەندىمۇ يوق يالغۇزلۇق

مەندە چىقىپ كەتكەن ئايالنىڭ بوش كارۋىتى

مەندە قايتىپ كېلىدىغان ئايالنىڭ زىبۇ- زىننەت ساندۇقى

مەندە كەلمەيدىغان، كەتمەيدىغان ئايالنىڭ قوروپ قالماس ئىلهام بۇلىقى

سازلار ۋارقىرار قاندىن سوخەككە

يېتىپ بارالماس ھېچبىر كارۋان تەشنا يۈرەككە

كۆرمەس چۇشلەرنى كېچىلەردە نە قىلاي؟

قېچىپ يۈرگەن ئاسمان بىلەن ئەگەشمىگەن دۇنيانى

ئەينەك دېرىزىنى ئاچقاننى، ئۆلگەن ئادەم قىپيالىڭاچ قاچقاننى

سۇدىن تار ئەشكەننى، ئوتتىن ۋىل ـ ۋىل تۇگمىلەرنى يەشكەننى

ئاھ!...

قاراڭغۇدىن يورۇق يۈزۈم كۆرۈندى

ئۆزۈمدىن بىر ۋاراق ئاچسام!

## يۈلتۇزلار قانات قېقىشقا باشلىغاندا

يۈلتۇزلار قانات قېقىشقا باشلىغاندا

تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن چۇشۇمدىكى كارۋاتتىن چۇشۇپ

ساڭا ياستۇقۇمدىكى دېڭىزدىن قورۇقلۇق ئىزدەيمەن.

باھاردىن يەلپۈگۈچ، يامغۇردىن چىراغ

سۇدىن ئەينەك، ئوتتىن تارغاق

تاغدىن چېچەكلىگەن بۆرە

باغدىن يىغلاۋاتقان سەھەر

ئۆلۈمدىن بىر ۋاراق قەغەز ئىزدەيمەن...

ساڭا مەن سۇمبۇل چاچلىرىڭنىڭ نەمخۇش شامىلى

بورانلار ئېچىۋەتكەن مۇقام سوڭىكى

ئوڭدا ياتقاندا غۇنچىلىغان ئەمچەك بارخان

ئەرۋاھ قوشاقلارنى ئاڭلىغانچە شاراب ئىچىۋاتقان تەكلىماكان

يوتاڭدىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان دەريادىن قىرغاق ئىزدەيمەن....

ئىزدەپ تاپقىنىمدا سەندە مەن

مەندە مەن يوق، يىغلايمەن!...

## بۈگۈن مەھشەر، ئۆلۈم ئەينەك

بۈگۈن مەھشەر، ئۆلۈم ئەينەك

يار دوزاختا، مەنزىل جەننەت.

سۆزلەرنى يىشىندۈرەر بەش ۋاخ ئايال

شېئىر يوق بولغۇچە ئىبادەت...

ئىزھار بولماس چىقمىغۇچە جان

باھار كەلمەس قىزارمىسا قان.

تاشنىڭ ئىشىكىنى ئاچسا جاھالەت

سۈنئ لەۋلىرىگە سۈيسە باياۋان.
ماڭا ئوخشاتما بۇلبۇلگويانى
گۈلگە ئېچىلىشنى ئۆگەتكۈچى مەن،
ماڭا باشلىما كەربالانى
ياشاپ دۇنيانى تۇگەتكۈچى مەن...
ئاخىر، قالىدۇ يەر بىلەن ئاسمان
ئاندىن جامالىنى ئاچىدۇ سۇبھان
ئاڭغىچە هارۋامنى تاراقلىتاي!...

يورۇق پەسىللىرىڭنى باشلاپ كەل
يورۇق پەسىللىرىڭنى باشلاپ كەل
قاراڭغۇ قۇشلىرىڭنى باشلاپ كەل
ئۆرۈك چېچەكلىرىدىن تۈزۈپ ناز
مۇقام مەرغۇللىرىدىن قۇيۇنتاز
توغراق شاخلىرىدىن باياۋان
بوم پەدىدىن داپ
نەيدىن تىرەكلەرگە يامىشىپ
سۇنايدىن يالىڭاچ
ساتاردىن يالاڭئاياغ
تەنبۇردىن مىڭ قەلەندەرنى
راۋاپتىن ساراڭ جىنلارنى
ئاھ...!

ئۆلۈم ھارۋىسىنى ھەيدەپ

ھارۋىدىكى ئىشق- مۇھەببەتتە

دوزاخقا ئوت قالىغىلى بارايلى...

## يەكەندىكى ئايال داستان

يەكەندە بىر ئايالنىڭ سەككىز ئايمىقى

قولىدىكى جامدا ئۆلۈمنىڭ قايمىقى

جاراڭ- جۇرۇڭ ئىشانلىرى بار

لەۋلىرىنىڭ خانىقاسىدا...

كۆزىدىكى جام بىلەن

يۈزىدىكى ئايدىڭدا ئىچتۇق مۇسەللەس

بولدۇق مەست- ئەلەس

تېنىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئايۋاندا

ياڭرايدۇ نەغمە- ناۋا .

ئىككى پۇتى ئىككى ياققا ماڭغاندا

ئارىدىكى دەشتى- باياۋاندا

ئاھ

كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئەتىرگۈل ئولتۇرۇر،

ئۇنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىنى
تەڭرى بىلەر، ياكى بىلمەس...

بىز باشقا تامدىن ئارتىلدۇق
ئۆلۈۋېلىشقا كەلگەن ئۇ ئايال،
شېئىر بولسا ئىدى، كاشكى
شېئىر بولسا
خوتەن سەھرالىرىدىكى لەيلى غەزەل
قەشقەر كوچىلىرىدىكى مەجنۇن مۇخەممەس...
ئىلاھا،
ئۆلۈمدىن بىر ۋاراق بەر
ئۇ جەننىتى شەيتاننى
ئۇ دوزىخى رىزۋاننى
داستان قىلايلى!
داستان قىلايلى!!!...

## قىزچاق

زېمىن نۇرلىرى ئۆچكەن گۆگۈمدا
سەھرانىڭ توپىلىق خلۋەت يولىدا
ماڭدىڭ قەيەرگە ئۆيۈڭنى تاشلاپ،

مۇھەببەت ئادەمنى قويدۇ ئالداپ...
ئېيتتىڭ پىچىرلاپ ۋەزمىن ئاھاڭدا:
ۋەلىكىن ئادەمنى ئالدىماس ئازاب!

ئاسماندا يۇلتۇز يوق، كۆرۈنمەس ئاي ھەم
زۇلمەتلىك جىمجىتلىق باسقان ھەريانىنى،
قايتقىن، تاپالمايسەن مەنزىلگاھىڭنى.
ئېيتتىڭ پىچىرلاپ ۋەزمىن ئاھاڭدا:
يورۇتار يولۇمنى ھىجران يۇلتۇزى!

رېئاللىق مۇدھىش ھەم رەھىمسىز شۇنچە
باش ئەگكىن، قايتىپ كەت ئىللىق ئۆيۈڭگە،
تۇرۇپتۇ سۆيگۈڭگە تەڭلەپ ئۇ قىلىچ.
ئېيتتىڭ پىچىرلاپ ۋەزمىن ئاھاڭدا:
قەلبىمگە ئاسىيلىق قىلالماسمەن ھىچ!

## كىمسەن ئەي يېنىمدا ئولتۇرغان ئادەم

كىمسەن ئەي يېنىمدا ئولتۇرغان ئادەم؟
قاراڭغۇ باغچىدا سۈرىمەن خىيال...

مەن كىم ئەي يېنىڭدا ئولتۇرغان ئادەم؟
ئىككىمىز ناتونۇش ئەمەس ئېھتىمال...

مۇشۇدەم غىرىبلىق چىرمىغان مېنى
ئۆلگەنمەن مۇشۇدەم، تىرىك بولسامۇ
تۇگىگەن ھاياتىم، قالمىغان زەررە.
نىچۈن سەن كېلىپ ئۇ قايناق ھاياتتىن
يۆلىنىپ تۇرىسەن جانسىز گەۋدەمگە؟

كۆزلىرىڭ يۇلتۇزدەك تۇرۇپتۇ چاقناپ،
مۇھەببەت، مۇھەببەت... دەيسەن پىچىرلاپ.
ئېيتىسەن قورقۇنچلۇق بۇ سۆزنى نىچۈن،
كىمسەن ئەي ئۇلۇككە سۆزلىگەن ئادەم؟!

## شائىر

مەن تامام ئۆزۈمنى ئەيلىدىم قۇربان.
كىشىلەر ئېيتالماي يۈرگەن سۆز ئۈچۈن
شائىر بوپ تىنچىدىم مىسكىن، باغرى قان.
دەرىخا
بىلمەيمەن، نىمە ئۇ ئۇلار ئىزلىگەن،

# كۆڭۈل

داغى ـ ھېجران ۋادىسىدا  يىغلىغىن زار ئەي كۆڭۈل،
يىغلا ـ يىغلا، ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئەيلىگىن خار ئەي كۆڭۈل،
مەيلى كۈلپەت تارت ۋەلىكىن بولما مەككار ئەي كۆڭۈل،
دەردىسىز غەمخانىگە  دىل قىلما ئىزھار ئەي كۆڭۈل،
بولكى ئىشرەت خانىسىدە مەيگە ئەپكار ئەي كۆڭۈل،
قول بېرىپ شەھۋەتكە زىنھار بولما تارمار ئەي كۆڭۈل،
ھەرنە بول لىكىن تىلەككە بولما ئەغيار ئەي كۆڭۈل،
ھەر مىنۇت دىل يارلىقىدىن بول خەۋەردار ئەي كۆڭۈل.

كۆز ئېچىپ باقساڭ پەلەككە زەررە ئاسمان كەلمىسە،
زارۇ ـ زار قان يىغلىساڭ بىر قەترە ئوكيان كەلمىسە،
قانلىرىڭ ساچىلسا يا بىر باغۇ ـ بوستان كەلمىسە،
كۈندە مىڭ ئۆلسەڭ ۋەيا بىر مەررە جەۋلان كەلمىسە،
كەلمىسە ياردىن خەۋەر، ۋەياكى پەرمان كەلمىسە،
گۈل ئېلىپ، ئىيتىپ غەزەل ۋەسلى ـ خىرامان كەلمىسە،

يىغلىغىن، يىرتتقىن ياقا، تىۋلاپ مۇقاملار ئەي كۆڭۈل،
كەت چۆلى ئاۋارىگە، بولغىن ستەمكار ئەي كۆڭۈل.

كۆرمىدىم مەن ھىچقاچاندا سەن كەبى بىچارىنى،
قايغۇ ـ ھەسرەت، نالە ـ پەرياد، دەرد ـ ئەلەم خۇمارىنى،
تەلۋە سەۋدا، خانۇۋەيران، بىماكان ئاۋارىنى،
باش كۆزى قان، ئەھلى ھاللاك، ئەت ـ تىنى ئاشكارىنى،
ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلمى قىلغان بىرەھىم خۇنخارىنى،
ئىشىق ئىلىنىڭ بىر قۇلى ھەم شاھ سۇپەت سەردارىنى،
يار كويىدا بول قەلەندەر، قايىتما زىنھار ئەي كۆڭۈل،
جان پىدا قىلماققا يارغا ئىزلىگىن دار ئەي كۆڭۈل.

كۇنۇ ـ تۇن ئىشقى ـ مالامەتتىن ھامان پەريادى قىل،
چەك نادامەت، ئۆز ـ ئۆزۈڭنى توختىماي ئاۋارە قىل،
دەردى ـ ھەسرەت، نالە ـ پەرياد، قايغۇنى زىيادە قىل،
قىل يىراق يولنى، پىراق كارۋاننى پىيادە قىل،
كەز باياۋان، يۇلتۇزۇڭنى توختىماس سەييارە قىل،
زارى مەجنۇن، كى قەلەندەر... لەشكىرىڭ ئاشكارە قىل،
كۇللى ئەل، شاھۇ ـ گادايلارنى ئاڭا بىچارە قىل،
ئول شەرەپشاندا يەنە ئاھ، يىغلا زار ـ زار ئەي كۆڭۈل،
چۇنكى كەلمىشتۇر جىنازاڭ كەينىدىن يار، ئەي كۆڭۈل.

# بۆ یۆرەك

یارۆ ـ جانان دەردىدە ئاھ، بولدى خۆمدان بۆ یۆرەك،
یىغلىدى زار، قىلدى نالە، چەكتى ئەبغان بۆ یۆرەك،
ئىشىق چۆلىدە مەشرەبىدەك قىلدى ئىسیان بۆ یۆرەك،
بۆلبۆلى بىچارىدەك گاھ یىغلىدى قان بۆ یۆرەك،
كەزدى گاھی بوپ قەلەندەر دەشتی ھىجران، بۆ یۆرەك،
بولدى سۆلغۆن گۆل ـ چىمەنلەر ئىچرە رەیھان بۆ یۆرەك.

كەلمىدى ئاھ، سۆرتكىلى یاشىنی چۆللەردىن بوران،
كەلمىدى یا بىلگىلی دەردىنی تاغلاردىن تۆمان،
كەلمىدى یاكی سوراپ ھالىنی باغلاردىن خازان،
كەلمىدى یار، یاكی تەندىن چىقمىدی بۆ خەستە جان،
ئول پىراقىنىڭ خەنجىرىدە بولدى ۋەیران بۆ یۆرەك،
لەئلی مارجاندەك چىچىلدی، بولدى سەرسان بۆ یۆرەك.

كۆندۆزی كۆنگە بىقىپ، زۆمرەت ساماغا یىغلىدی،
كىچىسی تۆنگە كىرىپ غایىب ساداغا یىغلىدی،
قەلبىدە گۆر ـ گۆر كۆیۆپ تۆرغان گۆناغا یىغلىدی،
یىغلىدی، سوزدی قولىن، قادىر خۆداغا یىغلىدی،
یىغلىدی ئاھ یىغلىدی، بولدی پەرىشان بۆ یۆرەك،

قانۇ ـ ياش، دەردى ـ ئەلەمگە بولدى سۈلتان بۇ يۈرەك.

مەي دېدى كەلدى زەھەر ئاھ، گۈل دېدى كەلدى تىكەن،
سۇ دېدى كەلدى باياۋان، چۆل دېدى كەلدى چىمەن،
بار دېدى يوق بولدى ھەممە، يوق دېدى بولدى رۇشەن،
كىيدى ئۇ روھ ـ تېنىگە ئاخىر جۇدالىقتىن كىپەن،
بارچە غەۋغالارنى يارسىز، ئىيتتى يالغان بۇ يۈرەك،
يار يولىغا تەلمۈرۈپ ئاھ، تۆكتى گىريان بۇ يۈرەك.

بولمىسا سۆيگۈ ئەگەر دۇنيا بىنا بولماسمىدى؟
كۆيمىسە دىلدا پىراق، دوزاخ ئوتى يانماسمىدى؟
تۇرمىسا كۆندە ئۆلۈپ ئاشىق يۈرەك قانماسمىدى؟
تاپسا گەر ۋەسلى ـ مۇراد،ئالەمدە يار قالماسمىدى؟
كۆيدى دوزاختەك لاۋۇلداپ، بولدى گۈلخان بۇ يۈرەك،
يەتتە ئىقلىمغا ئىشقنى قىلدى داستان بۇ يۈرەك.

## ... ئىزلەيمەن

نالە ـ زارلار ئىچىدىن نىدايىمنى ئىزلەيمەن،

كۆيمەك ئۇچۇن ئوت بولۇپ گۇناھىمنى ئىزلەيمەن،
گۇناھلىرىم ئىچىدىن خۇدايىمنى ئىزلەيمەن،
خۇدايىمغا يەتمەككە قازايىمنى ئىزلەيمەن.

نامىم ئاشىق قەلەندەر، ئىشىم ـ پىغان چەكمەكتۇر،
بالا گەردان چۆللەرگە ئۆزۈم تەنھا كەتمەكتۇر،
كارۋان تارتىپ ئۆزۈمگە، ھەق ۋەسلىگە يەتمەكتۇر،
ھەق ئىگەمگە مۇناسىپ سىماھىمنى ئىزلەيمەن.

چۇقان سېلىپ ئۆتەرمەن: ئاشىققا جان نە كېرەك؟
جاندا جانان بولمىسا دەردۇ ـ ھىجران نە كېرەك؟
روھتا پەرۋاز بولمىسا، قۇشقا ئاسمان نە كېرەك؟
كۆڭۈللەردىن زارۇ ـ زار سادايىمنى ئىزلەيمەن.

مەن ئۆزۈممەن ئۆزۈمگە جەننەتلەرنىڭ يول خېتى،
مەن ئۆزۈممەن، ئۆزۈمگە پىلسىراتنىڭ كۆۋرۈكى،
مەن ئۆزۈممەن، ئۆزۈمگە يەتتە دوزاخ تۇۋرۈكى،
مېنى ماڭا قۇل قىلغان ئىلاھىمنى ئىزلەيمەن.

ياندىم، ئۆچتۇم، كۇل بولدۇم، مەندە ئارمان قالمىدى،
سالدىم جەندە ـ كۇلاھنى ، نالە ـ ھىجران قالمىدى،
ئايان بولدۇم ھەممىگە، زەررە پىنھان قالمىدى،

قانات كەردىم ئىچىمگە، سامايىمنى ئىزلەيمەن.

كېتەي دەيمەن پىنھانە جېنىمدىكى ئايۋانغا،
تېنىمدىكى خۇشھاۋا گۈزەل باغۇ- بوستانغا،
قانلىرىمدا ئېچىلغان گۈلى لالە- رەيھانغا...
بىر دەم ئارام ئالماقتا پاناھىمنى ئىزلەيمەن.

## ئىزىڭدىن ماڭدى دىۋانە...

( ئاتامغا مۇۋەششەھى مەرسىيە)

مالامەت، جەبرىلەر ئىچرە تېپىپسەن رەھنەمالىقمنى،
كىيىپ ھەم ئىشق ئارا جەندە كېزىپسەن ئەۋلىيالىقنى.

ئۇزايىك ھالەتى ئەنۋەر، سۆزۈك ھەم دۇررى- دۇردانە،
ۋەتەن- ئەل قىبلىگاھىڭدۇر، يۇرۇتقان ئەنبىيالىقنى.

ھامانە ئىزدىدىك ئىمكان كۆرۈشكە ھەق دىدارىنى،
ئۆزۈڭگە كۈللى غەۋغادىن راۋا دەپ بىر خۇدالىقنى.

ئەقىدەڭ دەممۇ ـ دەم ئۆرلەپ پەلەككە يانمۇ ـ يان بولدى،
سامادا مىڭ قۇياش يىغلاپ تىلەيدۇ نۇر ـ زىيالىقنى.

مۇشەققەت ئىچرە مىھنەتنى ئۆزۈڭگە تۇتىيا قىلدىڭ،
دىلىڭغا يار قىلىپ ھەر ئان مۇھەببەت ـ ئاشنالىقنى.

مۇراد گۈلزارىدا ھەرچاغ پىراققا ئىنتىلىپ ئۆتتۇڭ،
ئىشقىنىڭ لەشكىرى كەلسە ئادا قىپ جان پىدالىقنى.

ئەقىدەڭ يۇلتۇزى چاقناق، كۆڭۈلكى ئۇندا بىر ئاسمان،
تالاشتى بارچە سەييارە ئۇنىڭدىن مۇترەبالىقنى.
دەرىخا، بىۋاپا ئالەم جۇدا قىلدى سېنى بىزدىن،
راۋا دەپ روھىناتىڭغا بىھىشتە مەرھابالىقنى.

ئىغىر يەر ھەم ئىغىر ئاسمان ئارا يەنچىلدى ئارمانلار،
سېلىپ دىللارغا ھىجراندىن ئەبەدلىك مۇپتىلالىقنى.

ساداقەت تەڭرىگە بولسۇن ۋەياكى خەستە تۇپراققا،
ئەگەر چىن بولسا ئۇ تاپقاي ھامانە دىلرابالىقنى.

مۇقاملار نە ئۇچۇن يىغلار ياقاسى چاكۇ ـ چاك مەجنۇن،
ئىشقتىن بولمىسا پەرياد، ئاۋات قىپ كەربالالىقنى.

ئازارە، غەلۋە ـ ماجرادۇر جاھاننىڭ تەپسىرى ئاخىر،
كىشىكىم دۇر ـ گۆھەر ئىچرە يوقاتسا كەھرىبالىقنى.

ياتارغا يەر ئىرۇر كۆرپە، يېپىنچا ھەم ئاڭا ئاسمان،
كىشىكىن كۆڭلى سەرساندۇر، ئۇنۇتسا بورىيالىقنى.

ئىزىڭدىن ماڭدى دىۋانە، خۇدا دەپ نالىلەر ئەيلەپ،
يېتەي دەپ ۋەسلىگە ھەقنىڭ، تامام قىپ بۇ جۇدالىقنى.

لىكىن ئاھ، ياردا ئەس ـ يادىم، يۈزۈمدۇر قىبلىگە ھەيھات،
ئەپۇ قىلغايمۇ مەھشەردە ئىگەم بۇ بىۋاپالىقنى؟!

## ئاھ مېنىڭ تەڭرىم، ئاھ مېنىڭ تەڭرىم

مېنىڭ پۇتلىرىم جەننەتتە سەيلەر،
مېنىڭ بېشىم دوزاختا كۆيەر.
مەن ئۆزگەن گۈل خازاندۇر
مەن سۆيگەن يار ئالەمدە يوق...

تاشنىڭ ئىشىكىدىن كىردىم، بىسمىللاھ

ئاڭلىدىم شۈكرىسىنى، يا رەسۇلىللاھ،
تاش دەيدۇكى: قۇلىقىم يوقتۇر،
كۆزۈم ھەم ئاغزىم يوق... ئەلھەمدۇلىللاھ!...

سۈرتتۈم مەڭزىمدىكى بىر تامچە ياشنى،
ياش دىدىكى: بۇ نە كۈچ، غەيرەت؟
شۇنچە ئاپتىپى بىلەن بىر تامچە ياشنى
قۇرۇتالمىغان قۇياشقا لەنەت!

يولۇم ئەلمىساقتىن ئەبەدىيەتكە
ماڭا ھەمرا كىمدۇر، تەڭرىمدىن بۆلەك؟
ئۇ مېنى بار قىلدى، مېنىڭ بارلىقىم
ئۇنى ھەم ھەرتىنىقىمدا بار قىلسا كېرەك!

ئۆلگۈر بىنالار ئالدىمنى توسما،
ئىچىمدە بىر يول بار ئاسمانغا تۇتاش.
ئەگەر ئۆلسەم... يەنە يالغۇز قالغۇدەك
ئاھ مېنىڭ تەڭرىم، ئاھ مېنىڭ تەڭرىم!...

## كۈزدىكى سېغىنىش

لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان شامال ھارۋىسىدا
خازانلارنىڭ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىدا ئۇكلىشىپ كەتكەن قانىتىدا
سۇنىڭ يىنىك ئەللەي ئېتىپ ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان كۆزلىرى ۋە
تۇپراقنىڭ باغرى قاتتىق ئاتىدەك گۇس ـ گۇس قەدەملىرى ئاستىدا
سېنىڭ سېغىنىنشقا تولغان چىرايىڭ...

بىر سۆز ئاسماننىڭ يەتتە قات چىكىدىن كېلىپ
مېنىڭ كۆكرىكىمنى ماكان ئېتىپ
توختاتتى يۈرىكىمنىڭ ھەر بىر سوقۇشىدا كېتىۋاتقان سۇبھانىنى.
بىر ناخشا ئاۋازىمدىكى ھەررەڭ تاۋۇشلار ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ
ئويغاتتى ئىسسىق گۆشلىرىم ئارىسىدا ئۇخلاۋاتقان ھايۋانىنى.
بىر نىدا
يەرنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى ۋەيلۇن دوزاختا
سوڭەكلىرىمدە قىلىچ تاۋلىماقتا.
كۆز ياشلىرىمدىكى كىشەن ـ زەنجىرلەر
پاچاقلاپ تاشلانغان سېنىڭ قولۇڭدا...

دەرەخلەر قوللىرىنى سوزۇپ
تۇتۇۋالماق بولار قۇياشنى.
يەنەبىر قۇياش
سەن بار يەردە ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلايدۇ.
بىر بىنا پەلەمپەيىنىڭ ئالدىدا توختىدى

تونۇش بىر يىغا ئاۋازى
ھەر بىر دېرىزىدە.
سېنى ئىلىپ كەتكەن ماشىنا
كۆز غازاڭلىرىدەك
شامال ھارۋىسىدەك
لىققىدە مۇھەببەت قاچىلانغان...

## خوراز چىللايدۇ

خوراز چىللايدۇ ، چىللايدۇ
ئالدىدا نۇر توشقۇزۇلغان سۈبھى پىيالىسى .
شاھانە شاخلارنى مىكىيانغا بەرمەيدۇ
بېشىدا قىپقىزىل يالقۇن تاجىسى .

ھايات رىۋايەتتە قېرىمايدۇ
مۇھەببەت پۈچۈق ئەينەك ئالدىدا چىچىنى تارايدۇ .
ھاياجان مەڭگۇ يالىڭاچ ،
ئەقىل ئۆمرىدە بىر رەت ئىشتىنىنى سالمايدۇ .
ھەر قەدەمدە ئاخىرەت .

ھەر ۋۇجۇد بىر خاقانە .

ھەر نەپەستە بىر جۇدا ،

ھەر كۆڭۈل بىر دىۋانە.. .

تەن زۇلمىتىدىن دىل زۇلمىتىگە

خوراز چىلْلايدۇ ، چىلْلايدۇ .

## ئەي ئانا

ئەي ئانا مەن بىر غېرىب، مەن بىر غېرىب،

ئەي ئانا مەن بىر ساراڭ، مەن بىر ساراڭ.

ئىشەنمە تۈننى مەڭگۈ زۇلمەت دېسە،

مەغرىبتىن قۇياش چىقىپ ئاتمايدۇ تاڭ...

چوققىلار يۈكسەكلىكنى چۈشەنمەيدۇ

دېڭىزلار چەكسىزلىككە ئىشەنمەيدۇ.

گۈللەر ھەم بەرگى خازان تۈننى كېيىپ

باھارنى كىپەنلەيدۇ، كىپەنلەيدۇ.

بارخانلار ئۇخلار بوران كىرپىكىدە،

تـوغراقلار ئۆز سازىـمنى چالسام دەيدۇ.
ۋەتـەنـدۇر مـېـنىـڭ يۈرگـەن ھـەر بـىـر ئـادەم،
يـەر مـەڭگۈ ئۆز ـ ئۆزۈمـدە قالسام دەيدۇ.

مۇھـەببـەت ئۈچۈن بـارچـە جـىـنـايـەت ھـەم،
ئـەبـەدىي يـاشـاش ئۈچۈن ئۆلـىدۇ شـام.
تـوسـالـمـاس، تـوسـالـمايدۇ، تـوسـالـمايدۇ
چۈشـلـەرنـىـڭ پـەرۋازىـنى زۇلـمەتـلـىك تـام.

ئـىـشـەنـمـە چۆلـلـەردىـكى سۈكۈنـاتـقـا،
ئـىـشـەنـمـە سـايـلاردىـكى ئۆلـگـەن تـاشـقـا.
ئـىـشـەنـمـە تـۇرغـىـنـىـمغـا كۈلـۈمـسـىـرەپ،
ئـىـشـەنـمـە كـۆزۈمـدىـكى تـامـچـە يـاشـقـا.

ئـىـشـەنـمـە رىـۋايـەتـنى قـايـتـمـاس دېـسـە،
سـەلـتـەنـەت جـەسـەدلـەردىـن ئـۆرە بـولـغـان...
ئـەي ئـانـا مـەن بـىـر غـىـرىـب، مـەن بـىـر غـىـرىـب،
ئـەي ئـانـا مـەن بـىـر ساراڭ، مـەن بـىـر ساراڭ!

## ئـون بـەش يـاشـلـىـق ئـايـاللار

ياڭرار چۈش ئوردىسىدا نەغمە — ناۋا

سۈدا سۆزۈك ، ئوتتا خۇشال ، قۇمدا سەرسان

ئون بەش ياشلىق ئايالار .

تېنىنى تېپىپ كېلەر تۈپراقلاردىن

كۆزىنى سۆزۈپ ئالار بۇلاقلاردىن

چېچىنى ئالار ئۆرۈپ زۇلمەتلەردىن

يامغۇر ۋە شامال بېرەر لاتاپەتنى

ئاي ھەمدە يۇلتۇز بېرەر سائادەتنى ،

ئىپپەتنىڭ قاپقارالغۇ تۈنلىرىدە

ئۈچ بۇرجەك تۇڭلۇكىدىن ۋۇجۇدىنىڭ

باقار ئاسماندىنمۇ يىراقلارغا

تەلپۈنۈپ دەھشەتلىك بالا□قازاغا.. .

تالادا ئۆلۈم بىلەن ئالغان نەپەس

قان تۆكۈپ ئوينايدىغان قارا ھەۋەس

ئەينەكنى چاقار شامال ، ئەينەك خۇشال ،

ئايالنى خىيال بۇزار ، تۇكلۇك خىيال .

جىمىرلاپ ئاقار دەريا يوتىسىدا ،

تىرىلەر تاشلار يىغلاپ بارمىقىدا .

ئاچقان تەن ئىشىكىنى چەكسىزلىككە

جان كىرىپ ، چىقىپ تۇرار خۇشال□خۇرام .

ئولتۇرۇپ كىرپىكىنىڭ دالدىسىدا

قارار ئۇ رومىلىنى يىرتىپيىرتىپ

يىرتىلىش ئاھ ، نەقەدەر خۇشالخۇرام!.. .

ئۆتتى ئات چاپتۇرۇپ قىرىق چەۋەنداز

لىپ قىلىپ بىر قېتىم كىرپىك قاققۇچە .

ئۆتتى بىر زامان ، بولۇپ زور قىرغىن

كۆزنى بىر قېتىم يۇمۇپ — ئاچقۇچە .

رېئاللىق قېرىپ كەتتى بىر دەمدىلا

قۇياشنى سۆرەپ يۈرەر ساقاللىرى .

رىۋايەت قېرىمايدۇ مىڭ يىلدىمۇ

قېرىماس ئون بەش ياشلىق ئايالىرى

## ماي

بۇ قاقاس كۆنلەردە مەن ھېچكىم ئەمەس،

يېنىمدا بىر دەريا ئاقار سۇسىراپ.

قولۇمدا دۇتار قىز، قارنى يېرىلغان،

تىلىمدا بىر ناخشا ئۆلەر چىرقىراپ.

ماشىنا نەقەدەر يېقىمسىز ئادەم،

ئادەم نەقەدەر ئاجىز ماشىنا.

ئەرلەرنىڭ ئەسلىدە پادىشاھى يوق،
تەلپۈنەر ئاياللار بالا ـ قازاغا.

قىزلارنى ئەينەكلەر يەيتتى سۈندۈرۈپ،
ئەرلەرنى پارچىلاپ يەيتتى خىزمەت، پۇل...
تۈيۈقسىز چىقىپ مەن تېرەم ئىچىدىن،
قاچتىم ئەڭ خىلۋەت بىر ئۆڭكۈرگە ئۇدۇل.

## نۇر چاچار ھەسرىتىم ئەينەك ساندۇقتا

ھېچنېمەڭ بولمىسا ئەي قېرى كېچە،
مەن سېنىڭ ئاشناڭمەن تەنھا، ئۇيقۇسىز.
چۇۋۇۋەت چېچىڭنى تاپىنىڭغىچە،
مۇھەببەت ئۇن بەشكە تولمايدىغان قىز.

نۇر چاچار ھەسرىتىم ئەينەك ساندۇقتا،
يىرتىلغان خەتلەردە يىرتىق ھاياجان.
ئۆسمەكتە تەلپۈنۈپ ساقال ـ بۇرۇتۇم،
كۆلپەتلىك تولۇن ئاي چۈشلىرى تامان.

بىلمەيسەن، توساتتىن مەن ئالەمدە يوق،

جەسىتىم ئېسىقلىق تۇرار بازاردا.
ئادەملەر شاد ـ خۇرام ئويناپدۇ ئۇسسۇل،
تولىدۇ ھەممە يەر مېنىڭ ناخشامغا.

# دۇتارچى ئايال

بارمىقىڭ چاپتۇرۇپ كېلەر قىقاسلاپ،
تارلارنىڭ ئۈستىدە ساناقسىز ئاتنى.
بىر چىنە قىزىق چاي ھور ئۆرلەپ تۇرغان...
كېلەر ئېھ، گۈپپىدە ئىچكۈم ھاياتنى.

ھېلىقى كوچىغا باشلىدىڭ يەنە،
يارىمنىڭ كۆڭلىكى قىپقىزىل ئىدى.
يەشمەكتە بىر ـ بىرلەپ تۈگمىلىرىمنى،
ئاھ، سېنىڭ ناخشاڭنىڭ نازۇك قوللىرى.

ئۆرگىلەي ئاسماندا ئايىڭ بولمىسا،
قايتايمەن تېمىڭنى ئۆرۈپ كېچىدە.
مۇھەببەت دۇنيادا ئەڭ يامان ئوغرى،
تۇتۇلماي كەلگەن ناخشا ئىچىدە.

# ئىباگۈل

ھېچكىمنىڭ چۈشىگە كىرمەيدۇ بۇ يەر،

يۇلتۇزلۇق ئۆستەڭدە ئاقىدۇ كۆڭۈل.

كىرىدۇ جىرىڭلىتىپ قوڭغۇرىقىنى،

چەكسىز باياۋىنىمغا غېرىب ئىباگۈل.

ئۇنىڭ چاچلىرىدا قىرىق بىرىنچى قاراقچىمەن،

ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە سەرسان يولۇچىمەن.

لەۋلىرىدە تەلۋە شارابخورمەن،

كۆزلىرىگە چۆكۈپ كېتىمەن.

ئۇنىڭ بارماقلىرىدا بىھوش ناۋالار،

تۇپراق پۇتلىرىغا ئېسىلار يىغلاپ.

كۆلگە ئوت كېتەر چۈشسە شولىسى،

قىلىچىنىڭ بىسىدەك باقسا قايرىلىپ.

سۇنار ئەينەك تاراڭلاپ،

تېنىمنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ تېنىدە.

ئەپچىقار ئۇ مېنى روھ ئالەمىگە،

ئۇ يەردە مىڭ يىللىق ئىشقى ـ پىراقتا.

ئىزدەر بىر ـ بىرىنى ئادەم ۋە ھاۋا،

سۈنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ـ ئاسمان.
تۇپراق ئايدىڭدا قاناتلار قاققان،
قايتار بارچە شەيئى يوق ھالىتىگە.
... ۋىسالغا يېتىدۇ ئادەم ۋە ھاۋا
ئىباگۇل ئىڭرايدۇ: گۇناھ، گۇناھ...
دۇنيا ئاستا ـ ئاستا بولىدۇ بىنا...
جىرىڭلار باياۋىنىمدا ئالتۇن قوڭغۇراق.

## ئىككى تاش مۇڭدىشىپ ئولتۇرار سايدا

دەريالار سۈپسۈزۈك نومۇس ئىچىدە
چېچىنى تارايدۇ تاغلارغا قاراپ.
ئورمانلار كىرپىكى تۆكۈلەر كۆزدە،
يۇلتۇزلار گاھىدا قويىدۇ قاۋاپ.

يۆتىلەر دالىدا قىرى گۈلخانلار،
ئىككى تاش مۇڭدىشىپ ئولتۇرار سايدا.
چىغىر يول ئېزىقىپ قالىدۇ دائىم،
بىر قىزچاق توختىماي يىغلايدۇ ئايدا.

كۆكسىگە تەڭلەنگەن مىلتىقنىڭ ئۇچى،

سايرايدۇ بىر قۇشقاچ پەرۋاسىز، خۇشال...
بەلكىم بۇ بىر پارچە رەڭسىز رەسىمدۇر،
يا چېچى چۇۋۇلغان سەمىمىي ئايال.

## قاشتېشى ئىزدەش

توساتتىن ئويغانغان دەريا بويىدا
ساناقسىز ئايالالار تاشتۇر يالىڭاچ.
چىڭقى چۈش شۇقەدەر قىزغىن ۋە ساختا،
بىر يوچۇن ئامەتنى ئىزدەشتۇر ياشاش.

كۈنلەر تاش بولسىمۇ قاتتىق ۋە ئېغىر
بار كۈنلەر ئىچىدە قاشتېشى كۈنلەر.
ئۆلۈمنى كۆيلەشمۇ ھاياتنى سۆيۈش،
جۇدالىق ئىچىدە ئېچىلار گۈللەر.

كەلمەس كېلەچەك كۆتكەنچە چاقناپ،
كېلەر ئۇ توساتتىن، ئالدىنار يۈرەك.
گۈزەلدۇر قاشتېشى ئىزدەش دەملىرى
گۈزەل ھەم بىباھا قاشتېشىدىن بەك.

## تىۋىش

بۇ كوچا، ئۇ كوچا ئوخشاش بىر كوچا
بارغىلى بولىدۇ يارنىڭ ئۆيىگە.
ئۇ ناخشا، بۇ ناخشا ئوخشاش بىر ناخشا
ئوت قويار بەربىر كۆڭۈل ئۆيىگە.

ئادەملىك كۆلپىتى يىراق يېزىدا
بىر كونا تاغاردىن تۇرار چېچىلىپ.
قىزىل گۈل ۋارقىراپ توزۇش ئالدىدا
ئاداققى چەككىچە باقار ئېچىلىپ.

بىر پاشا، ھەتتاكى ئاشۇ بىر پاشا
ئەڭ مەشھۇر قانخوردۇر نامى تارالغان.
ئادەملەر يوشۇرۇن ماڭار ئۆلۈمگە،
بىلمەيدۇ، ماشىنا ئۆرۈلەر قاچان؟!

## شەخسىي ئازاب

مەن قېچىپ كېتىمەن ئەينەكتەك چوڭقۇر
ئاي نۇرى ئوت قويغان خىلۋەت ئورمانغا.
چۈنكى مەن قىز بىلەن سۆيۈشۈۋېتىپ
ئايلىنىپ قالىمەن دائىم ھايۋانغا.

يالىڭاچ ئېقىۋاتقان دەريا مەلىكە،

ياكى تاغ شاھزادە ئىسقىرتىۋاتقان

يولۇمنى توسالماس، توسالماس ھامان.

ئاھۇ كۆز تۇغرۇلۇق شېئىر يازمايمەن،

بار مۇڭلۇق كۆزلەردە كۆرۈنمەس قاپقان.

يۈرىكىمنى يىرتىۋەتتىم

گوياكى سالام خەتنى يىرتقاندەك، يىغلاپ...

قىزىل گۈل ئەسلىدە قىزىل ئەمەسمىش،

قومۇش پۆپىكىدە نە قىلسۇن ئازاب!

ۋەزنى ئەرۈزلەر

## مەن كېتەي

(غەزەل)

يىغلىدىم ئاسمان ـ پەلەك، تۇپراق ئاتامغا مەن كېتەي،

تۇن بويى دەردىم بىلەن ئويغاق ئانامغا مەن كېتەي.

چۆل ھامان پالار سەنەمگە مەن غېرىب بىچارىنى،

ياربدىن بولغان جۇدا جۇل ـ جۇل مۇقامغا مەن كېتەي.

كۆللى يەرۇ ـ مەۋجۇداد روھىمدا رەت ـ رەت ئولتۇرۇپ

نۇش ئېتىپ تۇرغان ئەجەل پەيۋەستە جامغا مەن كېتەي.

يەتتە دوزاخ لەۋزىدىن قەلبىمدە گۈلخان ياندۇرۇپ،

دىلدا جەننەت كۆلكىسى ئاققان كالامغا مەن كېتەي.

دەيدۇ كىم: ھېجرانى ھەقنىڭ تەندىكى جانىڭ سېنىڭ ؟

ئاھ، يېشىپ بوينۇمنى داردىن، قەتلىئامغا مەن كېتەي.

باغىدىن بىر باغ ئەجەلنى باغلىدى خوش، مەرھابا،

قەبرىلەر چۆككەن ئەبەدلىك ئېھتىرامغا مەن كېتەي.

ئەي غوجى ئىيتقىن: ئەبەدلىك تەختىدە ئولتۇرغىلى،

ئەسسالامدىن ۋەئەلەيكۇم ئەسسالامغا مەن كېتەي!

# ئۇيغۇر قىزى

(مۇخەممەس)

ئاھ گۈزەللىك بابىدا شاھى جاھان ئۇيغۇر قىزى،

چېھرىدە ئاتەش زىيا، ماھتابان ئۇيغۇر قىزى،

كىرپىكى ئوقيا گويا، قاشى كامان ئۇيغۇر قىزى،

جىسمى گۇل، خۇلقى سابا، روھى راۋان ئۇيغۇر قىزى،

زاتى ئۇيغۇرغا بېھىشتىن ئارمىغان ئۇيغۇر قىزى.

بىر كۆلۈپ باقسا قۇياشمۇ تۇتۇلار ھەيران بولۇپ،

ئايىغىدا دەشتى- چۆللەر پىرقىرار سەرسان بولۇپ،

غەمزىسىدىن يەتتە ئىقلىم ئاھ ئۇرار ۋەيران بولۇپ،

ئولتۇرار دىل تەختىدە ئۇ بىرەھىم سۇلتان بولۇپ،

جاننى جاڭگالدا قويادۇ غازىيان ئۇيغۇر قىزى.

قەدىمى غۇر ـ غۇر شامال، لەرزان سۇبات، مامۇق بەدەن،

لەۋلىرى گۈل كاسەسىدۇر، سۆزلىرى شىرىن سۇخەن،

چىشلىرى دۇررى گۆھەر، مەغزى گويا بەرگى سەمەن،

قامىتى سەرۋى خىرامان، ھالىتى ئاندىن لەۋەن،

لەشكەرى نازلارىغا تەسلىم بۇ جان، ئۇيغۇر قىزى.

دوپپىسى گۈلگە تولۇپتۇ، گۈللىرى باغدىنمىكىن؟

ئۇسمىسى كۆپكۆك ئىكەن، پەسلى باھار چاغدىنمىكىن؟

چاچلىرى بەلگە چۇشۇپتۇ، رىشتى بەلباغدىنمىكىن؟

جىلۋىسى ئۇركۇپ تۇرۇپتۇ، ئاھۇسى تاغدىنمىكىن؟

گاھ بۇ جانىنىڭ ئاپىتى، گاھ ناتىۋان ئۇيغۇر قىزى.

ئاشىقى جانلارىدۇر بويىنىدىكى مارجانىسى،

تۇندە ئاي، تاڭدا قۇياش مىسكىن، غىرىب پەرۋانىسى،

ئىشكى ئالدىدا يەر، ئاسمان ئۆنىڭ دىۋانىسى،

چېقىلار قوللارىدا ئالەم ئۆنىڭ پىيالىسى،

جىلۋىگەر ئەپسانىدىن بىر ـ بىر بايان ئۇيغۇر قىزى.

يەلپۈنەر بويلارىدا غۇر ـ غۇر قىلىپ ئەتلەس شامال،

تەلپۈنەر ئويلارىدا شەرم ـ هايا، ئوغرى خىيال،

يۈز تۈمەن لەشكەرى بار خۇيلارىدا جەللۇ ـ جالال،

يىقىلار تاغلار ئۆنىڭ ئاياغىغا ئىزدەپ ۋېسال،

جان ئارا جاندەك ياتادۇ جانىجان ئۇيغۇر قىزى.

چىقتى ئۇ ئاھ رەستىگە هەريان ئېتىپ پەيكانىنى،

ئەگدى تىترەپ باشىنى گۈللەر كۆرۈپ سۇلتانىنى،

چاقتى ئەينەكلەر ئۆزىنىڭ يەتتە قات ئاسمانىنى،

كىم كۆرۈپتۇركىن ئىشقىنىڭ بۇنچە زور كارۋانىنى؟...

ئۆزى بىلمەس جەبرىسىن ئاھ، مېھرىبان ئۇيغۇر قىزى.

## كۆڭۈل

**(مۇسەممەن)**

داغى ـ ھىجران ۋادىسىدا يىغلىغىن زار ئەي كۆڭۈل،

يىغلا ـ يىغلا، ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئەيلىگىن خار ئەي كۆڭۈل،

مەيلى كۈلپەت تارت ۋەلىكىن بولما مەككار ئەي كۆڭۈل،

دەردىسىز غەمخانىگە دىل قىلما ئىزھار ئەي كۆڭۈل،

بولكى ئىشرەت خانىسىدە مەيگە ئەپكار ئەي كۆڭۈل،

قول بېرىپ شەھۋەتكە زىنھار بولما تارمار ئەي كۆڭۈل،

ھەرنە بول لىكىن تىلەككە بولما ئەغيار ئەي كۆڭۈل،

ھەر مىنۇت دىل يارلىقىدىن بول خەۋەردار ئەي كۆڭۈل.

كۆز ئېچىپ باقساڭ پەلەككە زەررە ئاسمان كەلمىسە،

زارۇ- زار قان يىغلىساڭ بىر قەترە ئوكيان كەلمىسە،

قانلىرىڭ ساچىلسا يا بىر باغۇ- بوستان كەلمىسە،

كۈندە مىڭ ئۆلسەڭ ۋەيا بىر مەررە جەۋلان كەلمىسە،

كەلمىسە ياردىن خەۋەر، ۋەياكى پەرمان كەلمىسە،

گۈل ئېلىپ، ئىيتىپ غەزەل ۋەسلى- خۇرامان كەلمىسە،

يىغلىغىن، يىرتقىن ياقا، توۋلاپ مۇقاملار ئەي كۆڭۈل،

كەت چۆلى ئاۋارىگە، بولغىن ستەمكار ئەي كۆڭۈل.

كۆرمىدىم مەن ھىچقاچاندا سەن كەبى بىچارىنى،

قايغۇ- ھەسرەت، نالە- پەرياد، دەرد- ئەلەم خۇمارىنى،

تەلۋە سەۋدا، خانۇۋەيران، بىماكان ئاۋارىنى،

باش كۆزى قان، ئەگلى ھاللاڭ، ئەت- تېنى ئاشكارىنى،

ئۆز- ئۆزىگە زۇلمى قىلغان بىرەھىم خۇنخارىنى،

ئىشق ئېلىنىڭ بىر قۇلى ھەم شاھ سۈپەت سەردارىنى،

يار كويىدا بول قەلەندەر، قايىتما زىنھار ئەي كۆڭۈل،

جان پىدا قىلماقتا يارغا ئىزلىگىن دار ئەي كۆڭۈل.

كۆنۈ ـ تۈن ئىشقى ـ مالامەتتىن ھامان پەريادى قىل،

چەك نادامەت، ئۆز ـ ئۆزۈڭنى توختىماي ئاۋارە قىل،

دەردى ـ ھەسرەت، نالە ـ پەرياد، قايغۇنى زىيادە قىل،

قىل يىراق يولنى، يىراق كارۋاننى پىيادە قىل،

كەز باياۋان، يۇلتۇزۇڭنى توختىماس سەييارە قىل،

زارى مەجنۇن، كى قەلەندەر... لەشكىرىڭ ئاشكارە قىل،

كۆللى ئەل، شاھۇ ـ گادايلارنى ئاڭا بىچارە قىل،

ئول شەرەپشاندا يەنە ئاھ، يىغلا زار ـ زار ئەي كۆڭۈل،

چۈنكى كەلمىشتۇر جىنازاڭ كەينىدىن يار، ئەي كۆڭۈل.

## پىچاق ئاسقان ئەر!

زور بەدەل تۆلەر دىل ئەسلەشكە بىر رەت،

ئۆنىڭ شاپ بۆرىتىنى تولغاشلىرىنى.

ئۆنتۆشچۆن بىر ئۆمۈر قىينىلار ئادەم،
ئۇنىڭ كۆك يالقۇنلۇق چوڭقۇر كۆزىنى.
رەستىنى تىرىتىپ كېلەر ئۇ گۈس گۈس،
ئۆلگىلى ماڭغاندەك ئۆلتۈرگىلى ھەم.
كۆڭلىكى ۋەرت ـ ۋەرت يىرتىلىپ تۇرار،
چىڭقالغان بەستىگە چىدالماي ھەردەم.
سەن كىم دەپ سوراشقا بولمايدۇ ئەسلا،
ئۇنىڭچۈن ئانا يەر بېرىدۇ جاۋاپ :
ئۇ يۈز يىل بۇرۇنقى پىچاق ئاسقان ئەر،
ۋە يۈز يىل كېيىنكى ئەسلەنگەن ئازاپ.

## قۇم بىلەن چۆل، خوتەن بىلەن مەن

يۇرۇڭقاشنى تۆكتى قاشتېشى
نۆبىتىنىڭ غەزەللىرىگە.
چىن ماچىننى كۆمدى زەلىلى
يارنىڭ نازۇك بەدەنلىرىگە.

توغراقلارغا سالدى ئۇسسۇلغا
قەلەندەرنىڭ تەكلىماكانى.
ھالقىپ ئۆتتى سانسىز كېچىدىن
مۆجىزىنىڭ يورۇق كارۋانى.

نەزمىسىدىن تۆردى ھەر سەھەر
ئون سەككىزگە كىرىپ تەجەللى.
ئۆلسەم تەخىرىم يالغۇز قالار، دەپ
ئەزرائىلغا بەردىم تەسەللى.

دېدى: ئۆلۈم قەغەزدۇر ئاپئاق
شېئىر يازماق ئۈچۈن ھاياتقا.
قوندى قۇشتەك ئىسمائىل ھاجى
ئاسمانلىرى تۈزگەن قاناتقا.

سالام بېرەر ھەر تاڭ قۇياشقا
قانات ياساپ تۇرغان قەبرىلەر.
ئىللىتار ئىھ، ئانا ماكانىنى
ئۇلار يازغان ئوتلۇق سەترىلەر...

قۇم بىلەن چۆل، خوتەن بىلەن مەن
قول تۇتۇشۇپ ماڭدۇق ئەتىگە.
مۇقاملارنىڭ ئەڭ كونىسىنى
توۋلىغانچە يېڭى پەدىگە...

# يورۇق تۇندىن بىر جام ئەكەلدىم

يورۇق تۇندىن بىر جام ئەكەلدىم
يارىم سېنىڭ خىلۋەت تويۇڭغا.
لەڭگەر تاشلاپ ماڭدى بورانلار
ئۇخلاپ قالغان زۇمرەت بويۇڭغا.

قەبرىلەردىن چوڭقۇر لەھەتكە
ئېچكىرلىدىم غېرىب جەسەتكە.
لىق توشقۇزدۇم قايغۇ ـ ئەلەمدىن
قوشاقلارنى ئالتۇن سۆەتكە.

كۆڭلىكىڭنىڭ شامالدىرىدا
يەلكەن تارتىپ ماڭدى كۆك دېڭىز.
چاچلىرىڭنىڭ كۆيۈك پۇرىقى
جەھەننەمدىن ئۆرلىدى ئىگىز.

سۇ تېنىڭنى ئاسمانغا يىغلاپ،
ئوت قاقاقلاپ ئايلاندى كۆلگە.
چۆكۈپ كەتتى توپ ـ توپ بۇلۇتلار

## ھەق دوست، يائاللاھ!...

مەندە ياتقان دوزاختا ياتتىم

مەندە ئاققان توپاندا ئاقتىم.

ماۋى ئاسمان كۆنگۈرىگە قويۇپ

مەشرەپ كەبى ھەقكە ھامان كۆلۈپ باقتىم.

چۆلدە دىلبەر ئۇڭدا ياتۇر بارخان- بارخان

جېنىمدا جان جلۇە قىلۇر رەيھان- رەيھان.

غېرىب بېشىم، يالغۇز بېشىم، ساياق بېشىم

ئۇنى ئەجەل ھارۋىسىغا قاتتىم- قاتتىم...

پەرىشتىلەر ئۇخلاپ ياتقان ئايىغىمدا

غېرىب مۇسا ھاسا قىلغان تايىغىمدا

جۇل- جۇل بولغان قەلەندەرلىك بايرىقىمدا

يەتتە ئاسمان ئىشكىنى قاقتىم- قاقتىم...

ھەق دوست، يائاللاھ

ئېگەم مېنى

ئاپارغاندا ساتقىلى قۇل بازىرىدا

يىغلاپ تۇرار ئۇندا يارىم بىر پۇلى يوق!

# ئۆلىدىغان ئادەمەن

مېنى جاھانىڭغا پاتقىلى قوي
ئەسكى سارايىڭدا بىردەم ياتقىلى قوي.
ھەسرەتلىرىمنى باغلاپ، باغلاپ
گۈل بازارىدا ساتقىلى قوي...
كۆزۈم يار شولىسىنى ئاسمانلارغا تېگىشمەس
يۈزۈم يار جىلۋىسىنى رەيھانلارغا تېگىشمەس
ئەييۇھانناس!... سېسسىپ كەتكەن جېنىمنى
ھېچكىم ئۆلمەيدىغان داستانلارغا تېگىشمەس...
نىتەي، ئۆلىدىغان ئادەمەن،
يار قېشىغا ماڭدىم دەپ
كۈلىدىغان ئادەمەن.
ئارقامدىن ئەگەشكەن ئىزلىرىمنى
قەبرەمنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ،
ئۆزۈم تىخىمۇ چوڭقۇر
تىخىمۇ زۇلمەتلىك ئىز بولۇپ
پايانسىز يوقلۇققا چۆكىدىغان ئادەمەن...
كېپىنەك تونىنى كېيىپ
گۈلخاندا يېتىپ،
يا بىلەن ئوقنى ئېلىپ

دۈشمەننى ئېتىپ

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا

يارغا يارايدىغان ئادەممەن...

قۇمنىڭ ئىشكىدىن كىرىپ

ئۆلگەن ئادەمدەك مىڭ ياشقا كىرىپ

توغراقتىن ساپايىنى

بوراندىن داپنى ئېلىپ

چېلىپ

ئەجەل ئاستانىسىدا

ئەشەددىي مۇقاملارغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەممەن!...

...

مېنى قات- قېتىغا يوشۇرغان گۈل غۇنچىسىنى

يىغلاپ ئېچىلدۇرىدىغان بۇلبۇللار،

مېنى باغلايدىغان ئۇزۇن چاچلارنى

ئۆستەڭگە تاشلاپ ئوينايدىغان سۇمبۇللار،

ۋەتەن دېگەن سۆزنىڭ قارنىنى يېرىپ

جەسىتىمنى ئېلىپ چىقىدىغان خىياللار،

مېنى سۆيگۈ دېگەن هارۋىغا قېتىپ

دوزاخقا ئوتۇن توشۇيدىغان ئايالار

ئىككى ئالەمنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزاق يولدا

كېتىۋتقاندا

ئىيتقان ناخشامنى ئاڭلامسىلەر:

ئايارەي

يارىسىز مىلڭ يىل ياشىسام

ئۆتكەن كۈنۈم بىر كۈنچە يوق.

ئىشىق ئوتىنىڭ ئالدىدا

دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق...

مەن بۇ ناخشىنى بىركىمدىن ئاڭلىغان

ئىككى ئالەمنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزاق يولدا

كېتىۋاتقاندا...

كېتىۋاتقاندا...

## ئۆتمە ـ تۆشۈك مۇھەببەت

ئايرىلمايلى، دۇنيا تولغۇچە

قۇچاقلايلى بىر ـ بىرىمىزنى.

توپان كەلمەكتە، بىزنىڭ كىمىمىز

بىزنىڭ

ئۆتمە ـ تۆشۈك مۇھەببىتىمىز.

چېچى ئۆستەڭدىكى يىلان

بىزنىڭ مەختۇمسۇلا، بىزنىڭ

ئەينەكتىكى قاراڭغۇ ئاسمان.

تېنى قەشقەرلىك ئايال داستان
بىزنىڭ نۇزۇكۇم، بىزنىڭ
رەستىدىكى يالىڭاچ ئورمان.

ئەجەلنى قوشاققا قېتىپ يىغلاۋاتقان،
بىزنىڭ ئانىمىز، بىزنىڭ
ئۆلۈكىنى تۆگىگە ئارتىپ
كېتىۋاتقان تەكلىماكان.

ئايال بىزنىڭ ئەر بولغىنىمىز
شېئىر بىزگە قايتىدىغان چۆل.
هايات بىزگە پاتىدىغان كۈن،
ئۆلۈم بىزدە ئېچىلىدىغان گۈل.
بىردەم توختايلى
تەنبۇر چالغان غىرىب زەخمەككە
نەي ياماشقان يالغۇز تىرەككە.
دۇتار چالغان دەردى ـ هېجرانغا
ساتار قىلغان نالە ـ پىغانغا،
راۋاپ ئوت قويغان ئىگىزئاسمانغا...
بىردەم توختاپ
بولغان چاغدا مۇقام قەلەندەر
ئۆلۈۋىلىشقا كەلگەن بىر توپ ئەر

ئۆرگىلىگەن، چۆرگىلىگەن يەر
ئەينەكلەردىن قاچقان ئاياللار
كىيىملىرى ئەتلەس شامالالار
بەدەنلىرى شاخلاپ، غۇلاچلاپ
بۇزۇۋەتكەن قىرغاقلىرىنى
ئېقىپ كەتكەن، ئاققان ئاھ، تاكى
قۇرۇپ كەتكەن تەكلىماكاندەك...

قۇچاقلاپ تۇرۇپ بىر ـ بىرىمىزنى
بىردەم يىغلايلى!

## سەندىن كۆڭۈل تىلەيدىغان مەن

بۇ...
مەن
قارا كۆزلىرىڭنىڭ ئۇيغۇر كېچىسى
قارا قاشلىرىڭنىڭ قۇرئان تەكچىسى
قارا چاچلىرىڭنىڭ جەڭجىسى
باغرىڭنى سۇغا ئايلاندۇرىدىغان تاش ناخشىسى
سۇغا ماڭغان كۆڭلۈڭنى شەرەتلەپ
چۆلگە ماڭغان قاشتېشى.
قۇمنى بارماقلىرىڭدا
بارخان توقۇيدىغان بوران.

ئۆلۈكىنى داستان قىلىپ
مۇقام ئوقۇيدىغان تەكلىماكان.
قولۇڭ تەگسە
يىغلايدىغان ساتار
بوزلايدىغان دۇتار...
ساڭا كۆڭلۈمنى بېرىپ بولۇپ
كۆڭۈلسىز بولۇپ
سەندىن كۆڭۈل تىلەيدىغان مەن!

## قەسەملىرىم ئىشىك ئالدىدا

قەسەملىرىم ئىشىك ئالدىدا
يىغلاپ قايتتى يۈرەكتىن پىچاق.
يالغۇز قالغان ۋىسال ئاخشىمى
يۇلتۇزلاغا قىلماقتا چاقچاق.
نىمە دېگەن ھەسرەتلىك شېئىر
يول بويىدا تۇرغان تىرەكلەر.
ماشىنىلار ئېلىپ قاچماقتا
تولغان كاسا، يۇمران ئەمچەكلەر.
بىنالاردا شاراقلايدۇ پۇل
ئۆلتۈرۈۋەت!... دەيدۇ ناخشىلار.

| |
|---|
| ياشيالماي كەتمەكتە قېچىپ<br>بۇ دۇنيادىن بارچە ياخشىلار.<br>شاراب قۇي ئەي... تەڭرى ئۈچۈن قۇي<br>شاراب قۇي ئەي... ئادەم بولغانغا.<br>ئۆلۈكۈمنى ئۆزۈمگە قالدۇر<br>تىرىكىمنى قىرىق يالغانغا... |

# ناتونۇش

## بۆرۈن.1

ئىلاھا! دېدىم ـ دە، قەلەمنى ئالدىم،

قەلبىمدە بىر زەررە شېئىر قالمىدى.

بولغاچ مەن خۇدانىڭ قولىدا ھەردەم

ئاھ، مېنى ئۇنىڭدەك ھېچكىم چالمىدى.

ئايال بار بولسىمۇ مەندە، يوشۇرۇن

سالدىم مەن قاتمۇ ـ قات كىيىملىرىمنى.

چۈشلەرگە لىق تولغان كارۋاتقا قاراپ

يىغلىدىم دەھشەتلىك شېئىرلىرىمنى.

يىغلىدىم ھاياتنى ھەركۈنى مۇڭلۇق،

يىغلىدىم ئۆلۈمنى دانىمۇ ـ دانە.

يىغلىدىم نەپرەتنى مۇھەببەت بىلەن

يىغلىدىم دەردىمنى قىلىپ يىگانە.

يىغلىدىم، يىغلىدىم، يىغلىدىم تىنماي،

يىغلايمەن، يىغلايمەن، يىغلايمەن يەنە.
يىغلىسام قەلبىمنى قۇتقۇزار شېئىر
يوق يارغا كۆڭلۈمنى قىلىپ دىۋانە...

## 2. ناتونۇش

تۇغۇلغان چېغىمدا ئىدىم ناتونۇش،
بىلگەنتىم، گۈل ماڭا قالغانتى ھەيران.
ئوت مېنى قىلماقچى بولغاندا دوزاخ،
بولاتتى ئاۋال ئۇ بىر تامچە توپان.
تونۇماس ئىدىم مەن، قەلبىم يوق ئىدى،
ئەينەكتە كۆرۈنگەن شەيتانمۇ يا خۇدا؟
يىغلىسام كېتەتتىم پارلاپ باھاردەك
مىڭ يىللىق يۈزۈمنى يۇغاندەك گويا.
ئەتراپىم مەن بىلەن لىق تولغان ئىدى،
بەزىدە پۇتلىشىپ كېتەتتىم تىخى.
ئىسمىمنى چاقىرسا مېھرىبان ئانام
تاپالماي قالاتتىم بەزى ئۆزۈمنى...
ئاھ، ئۇندا باللىق قۇچقاچلار بىلەن
كونا تام تۆشۈكى، گۈللۈك مۇھەببەت.
چاچرىغان قۇملارغا يالاڭئاياغ ياش،
ئېشەكلەر ھاڭرىغان ساددا تەبىئەت.
ئىشتاننى سالغاندا گۈللەر قاقاقلاپ
قويلارغا لېۋىنى تۇتقۇزمىغان ساي.

چىنىگە يۈرەكنى سىلىپ ئىچكەن ئاش،
ئىرىققا پاتمىغان دەريالار ئاي ـ ھاي...
قىزلارنىڭ ئىغى يوق گۈللۈك ئىشتىنى
غۇنچىلاپ كۆزىنى يۇمۇۋالغان قان.
كۆكسىنى قوزىنىڭ تۇمشۇقى بىلەن
سىيلىغان غۇبارسىز كىچىككىنە جان.
پىت باققان يوتقاندا ئۇزاق قاراڭغۇ
تاكى تاڭ ئاتقۇچە سايرىغان دۇتار.
ئۆزىنى ئاسمانغا تاشلىغان بالا
قەدىمقى زاماندىن كەلگەن ھارۋىلار.
ئون بەش كۈن يۈزىنى يۇمىغان كىچە
ئالۋاستى چىچىدىن بىر تال ئاق چىچەك.
كەتمەنگە پاتمىغان ئۆكتەم ئىتىزلار
ناتونۇش چۈشلەرگە يىقىلغان يۈرەك.
ناتونۇش چىرايلار، ناتونۇش ئۈنلەر
ناتونۇش يىغلىغان، ناتونۇش كۈلگەن
ناتونۇش يۈگۈرگەن كۈندۈزلەر، تۈنلەر...
موزاينىڭ كىرپىكى تۆكۈلگەن سەھەر،
تەخەيدەك سۇباتتىن قالدى كۆڭۈللەر
يوتقاندىن مەڭگۈلۈك چىقتى مۈشۈكلەر
سۆيمەيمەن! دىگەنچە لىۋىنى سوزۇپ

يېغلاشقا باشلىدى ئىتلار، كۈچۈكلەر
مەكتەپكە ماڭدىم مەن سومكامنى ئېسىپ...

مەكتەپ خەتلەرنىڭ گۈلزارلىقىدۇر
سىنىپ ھەم گۈللەرنى ئوقۇيدىغان خەت.
پارتىلار يۈزىنى يۇمايدىغان سۇ،
كىتاب ھەم مەڭگۈ «ئا» دېگەن بىرلا خەت.
قەلەم ـ قەغەزدە ماڭغان ناتونۇش
قەيەرگە بېرىشنى بىلمەيدىغان يول.
مۇئەللىم ـ ئۆزىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ
باشقا بىر«ئۆز»ىگە تاشلايدىغان قول...
ئەر، ئايال قوشۇلسا ئادەم بولىدۇ،
دوزاخقا جەننەتنى قوشسا ھەم خۇدا.
ئوتقا ئوت قوشۇلسا بولىدۇ گۈلخان،
سۇغا سۇ قوشۇلسا بولىدۇ دەريا.
مەن بۇرۇن ئۆزۈمگە دېمىگەن ئىدىم
بىرگە بىر قوشۇلسا بىر بولىدۇ دەپ.
قەيەرگە بارىسىلەر شۇ «1»دىن باشقا
بىر ئۆمۈر بۇ كونا ھارۋىنى ھەيدەپ؟!...
شۇنداق دەپ توۋلىدىم ئون يىلدىن كېيىن
مەكتەپكە بېرىپ ئاھ، باللارغا مەن!

## 3. خۇدا

مەن خۇدا! دېدىم ، ئۇ ياراتتى مېنى
ئاندىن ئۇ يەتتىنچى ئاسمانغا چىقتى.
خۇدا تۇرغان يەتتىنچى ئاسمان
شۇ هامان مېنىڭكى قەلبىمگە چۆكتى.

...

بۇ نىمە، ئۆلۈمنىڭ تاغاق سوڭىكى،
بۇ نىمە، ياشاشقا كۆنگەن جىنازا.
بۇ نىمە، دەپتەردىن يىرتىلغان سىياھ،
بۇ نىمە، قۇتۇلغان ۋەيلۇن دارازا.
ئەينەكلىك ئاسمانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
يېشىنگەن لەۋلەرنىڭ گۈلزارلىقىدا
كىيىكلەر ئوتلىغان سەبىي يۈرىكىم،
ئاھ خۇدا،كىرلەشكەن بۇ كۆڭلۈم بىلەن
ئۆكسۈپ ياش تۆكمىسەم كۆرۈنمەس ھىچكىم.
ئەڭ رەزىل بىنالار ئىگىزلىمەكتە
پەلەمپەي كۆكسۈمگە دەسسەۋاتىدۇ.
ئەڭ قىزىل ماشىنا قىزغىن بۇلاڭچى
قىزلارنىڭ كۆڭلىنى چەيلەۋاتىدۇ.
قىزلارنىڭ كۆڭلىدە ئاتتىن يىقىلسام
قىزلارنىڭ تېنىدە ھايۋانلىنىمەن.
قىزلاردىن دار ياساپ ئېسىلسام ئاڭا
تىخىمۇ ئۆلىمەن، راۋانلىنىمەن.

مەن ئۆلدۈم، دېگەندە قەلبىم مېنىڭكى
قىزلارنىڭ ئىسمىدا چۆلگە قېچىپ كەت.
قۇياشقا مىخلانغان گۈللۈك ئايۋاندا
قاراڭغۇ چۈشلەردىن قۇترار سەلتەنەت.

...

تۇساتتىن مەن يولنىڭ چىقتىم تېشىغا
ئەي ناخشا، كۆڭلۈمنى قايتۇر ئۆزۈمگە.
مەن شېئىر يېزىشقا يارالغان كىشى،
ئايالار، غەزەبلىك باققىن كۆزۈمگە.
ئۇ كىمدۇ، دەردىمنى هارۋىغا قاتقان،
قەدەهتە قاينىغان تەڭرى كۈلكىسى؟
ئەينەكلەر سۇنغاندا ئاسماننى ياشاپ،
يۇلتۇزلار يۈرەككە قېچىپ كەتكۈسى.
ئەڭ گۈزەل بىر ئايال تاۋۇتۇم بولسا،
ئۆلمىدىم تېنىمدىن چىقماي تۇرۇپ جان.
ئاه سۆيگۈ- مۇهەببەت، شىرىن ئىنتىقام،
جېنىمدىن ئات مىنىپ ئۆتتى قەبرىستان.
كىرلىكتەك يىرتىلغان دەريادىن ئۆتۈپ
شامالنىڭ قانىتى بولۇپ قالدى قان.
مېنى دەپ تۇغۇلغان ئايالار ئۈچۈن
قىلايمەن ئۆمرۈمنى ئۆزۈن بىر داستان.
بۇ يەردە بىر قىز بار، مىللىتى ئۆلۈم

مېنى دەپ تەگرىدىن چوغ سوراۋاتقان.
بۇ يەردە بىر قىز بار، مىللىتى شېئىر
مېنى دەپ دوزاخقا ئوت قالاۋاتقان.
بۇ يەردە بىر قىزنىڭ يىرىم قەلبى يوق
دېرىزە ئالدىدا ئايدىن خىجالەت.
تېنىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ بىر قىز
مۇھەببەت ئۈستىدىن قىلار شىكايەت.
ھەممە قىز ئاخىرى بىرلا ئۆلۈمدۇر،
دەھشەتلىك مۇقامغا تاشلايدۇ تۇرمۇش.
كۆڭۈلنى دۆۋىلەپ قويار ھەر باھار
ئەتىرگۈل بەرگىدەك ھەسرەتلىك ئۇرۇش.

## قىز .4

ئون توققۇز يېشىمدا ئون توققۇز باھار،
ئون توققۇز باھاردا ئون توققۇز چېچەك.
ئون توققۇز چېچەككە ئىيتىپ ئەلۋىدا
يىغلايدۇ كۆكسۈمدە بىر قانلىق يۈرەك.
بۇ يۈرەك شارابقا لىق تولغان قەدەھ
بۇ يۈرەك ناخشىدا يارىلانغان گۈل.
بۇ يۈرەك سۆيگۈگە ماڭغان يولۇچى،
بۇ يۈرەك بىر قىزدا ئۆلۈۋالغان چۆل.
خىياللارىيۈرەككە تاشلايدۇ ئوتۇن،
يەكشەنبە ئەزەلدىن دوزاخقا تۇتاش.

ئاھ،ئۇ قىز جېنىمنىڭ جانانىسىدە
سەھەردە شەرقتىن بالقىغان قۇياش.
ئاھ ئۇ قىز كىرپىكىم ئالدىدىن ئۆتكەن
ياردار كىيىكنىڭ ياش يۇقى كۆزى.
ئۇ كىيىك تاغلارغا قاچقاندا ئۈركۈپ
قاپقارا تاشلارنىڭ ئاقارغان يۈزى.
ئۇ قىزنىڭ ئېچىلغان دەرۋازىسى يوق
ئۇ قىزنىڭ ئەينىكى يەتتىنچى ئاسمان.
ئۇ قىزنىڭ قىز بولغان مەسۇم غۇنچىسى
قاراڭغۇ ئورماندا ھۇۋۇلىغان ھايۋان.
كۆڭلىكى شامالغا ئەتلەس توقۇيدۇ،
گۈل بەرگى ئىشتىنى گاھىدا بۇلبۇل.
پۈتلىرى جىرىڭلاپ قىلغاندا نەغمە
پەلەكمۇ ئۆرگىلىپ ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
كۆزىدە چۆچەكچى مىڭ بىر كېچە بار
ھەر كېچە ئۆلىدۇ بىردىن شەھرىزاد.
لېۋىدە كېپىنەك قەبرىستانلىقى
جەسەدسىز كۆڭۈللەر ئۈنلەيدۇ ناشاد.
ئۇ قىز بىر يالىڭاچ شېئىردىن چىققان
ئۇ قىز بىر رەسىمدە كارۋاتتا ياتقان.
ئۇ قىز بىر ناخشىنىڭ قۇرىماس يېشى،
ئۇ قىز بىر ئۆلۈمگە جېنىنى چاتقان.

ئۇ قىزنىڭ چۆل بولۇپ قۇرۇغان تېنى
بىر تەشنا بۇلاقتا ئاقار بۇلدۇقلاپ.
ئۇ قىزنى ھەتتاكى كۆكتىكى ئايمۇ
ئوقۇيدۇ، ئوقۇيدۇ، چەكسىز دۇدۇقلاپ.
ئۇ قىزغا دۇتارنىڭ مەيلى بارمىكىن،
شاخلارنى سۇندۇرۇپ سايرايدۇ قۇچقاچ.
قارلىغاچ كېتىدۇ دەھشەتنى كېسىپ
قان يۇقى پەردىنى غۇۋا قايرىغاچ.
ئۇسسۇلغا سالىدۇ ساراڭ جىنلارنى
گۈلەخچى راۋابلار باياۋانىدا.
چۆكتۈرۈپ ئوينايدۇ مىڭ قەلەندەرنى
تەنبۇرچى مۇقامنىڭ قۇرۇق جامىغا.
ئۇ قىزدا تىز پۈكمەس سۇۋادان تىرەك
ئۇ قىزدا چېچەكلەپ تۇرار جىگدىلەر.
ئۇ قىزدا تۇراتتى ئىيتىپ ئەلۋىدا
بىر - بىرىگە سانسىز قەبرىلەر.
ئۇ قىزدا قەدىمقى ئاپئاق سوڭەكلەر
ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى شانلىق جەسەدلەر.
ئەڭ ئىگىز بىنالار، چوڭقۇر ئازگاللار
يامغۇردەك شارقىراپ يىغلىغان خەتلەر.
يۇللارنىڭ شاراقلاپ سايرىغان ئۈنى،
شارابلار لېۋىدە قېتىپ قالغان قان.

ماشىنا ئۆلگەن كۆن، تۆمۈردەك سوغۇق

سۈلياۋغا ئورالغان بۆگۈنكى زامان.

ئاھ ئۇ قىز... ئۇرۇشتىن ئاتقان يېڭى تاڭ

قۇياشتىن قۇتۇلغان سەلتەنەتلىك قۇل.

ئۆلۈمگە بارمايمەن دېگەن ئەر كىشى

دوزاختىن جەننەتكە ماڭغان ئۇزاق يول.

رەستىدە يالىڭاچ ياتقان ئاي نۇرى،

قاراڭغۇ يوتقاندەك مۇدھىش ۋە سوغۇق.

چۈشىدىن چىقىپلا ئىزنىقىپ قالغان

ھەددىدىن تاشقىرى زۇلمەتلىك يورۇق.

مۇزنىكا ئەۋجىدە لەيلەپ تۇماندەك

كۆز يېشى ئېقىتىپ ئەكەلگەن زىندان.

پايانسىز ۋادىدۇر ئۇ قىزنىڭ تېنى

باغلاردەك مېھرىبان، تاغدەك قەھرىمان.

ئاھ ئۇ قىز قىز تۇرار قىيامەتكىچە،

چۈنكى ئۇ قەلبىمدە نۇرلانغان يوق قىز.

تۇغۇلۇپ مەن ئۆلگەن كۈنى جاھانغا

شەرمەندە يۈزۈمنى قىلغان يورۇق،قىز.

شېئىرنىڭ چېچىنى سۆرەپ كېچىدىن

ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە تىقىپ قولنى،

قاتمۇ ـ قات ئېچىلغان گۈلنىڭ ئىچىدىن

سۇغارغان تۇرمىنىڭ داغدام يولنى...

يۈرەكنى مىخلاشنى دەرۋازىلارغا
ئۈگەتكەن سايراشنى زەنجىر ـ كىشەنگە،
پايانسىز يوتقاننىڭ قاراڭغۇسىدا
تۇگەتكەن چۈش كۆرۈپ ئانا ۋەتەننى...
جېنىنى بېرىشكە تىلەمچىلەرگە
ھەر كۈنى قۇياشقا مەجبۇرلانغان تاڭ،
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ ئويناشقا ئەرنى
گۆرلەردىن ياڭرىغان سەۋدايى ئاھاڭ...
ئاھ ئۇ قىز، قولۇمنى قىلار ئاخىرەت
باغرىمدا تىپىرلاپ ئۆلەر رەتمۇ ـ رەت.
بۇلۇتى ئاسماننى قىلار ئاستىمدا
ئۇ قىزنىڭ كىيىمى گۈزەل تەبىئەت.
ئۇنىڭغا جېنىمنى بېرىپ بولالماي
ھاياتمەن ھەتتاكى مىڭ جەسەدكىچە.
ناخشامنى قەپەزگە سولاپ قويۇڭلار
سوزۇلار بۇ ئۆلۈم قىيامەتكىچە...

## 5. يار

قەلبىمگە كەلگەندە يالىڭاچ ئىدىم
تۇراتتى كۆكسۈمدە پارلاپ كېچىلەر.
ئاسمانغا قارايتتىم، تەڭرى بارمۇ ـ يوق؟...
ياشىماي تۇرۇپلا ئۆلسە كىشىلەر.
ئەڭ گۈزەل بىر گۈلنى قىلاتتىم خىيال

ئەينەكنىڭ كەينىدە تۇرسا ئاياللار.
يار يىغلاپ تۇراتتى ئىشتان بېغىمدا،
ئەڭ ئىسسىق قان ئارا چاقنايتتى باھار.

...

يولنىڭ ئوڭ چېتىدە ماڭسام مۇلايىم
دەسسەلگەن ئەرۋاھلار تۇرماقتا قارغاپ.
ۋەھىمە ياپپېشىل كۆزلۈك پاھىشە
ئايالار يىرتىلغان يۈرەكنى ياماپ...
تاپاننىڭ ماتكىسى غايەت قىزىل گۈل
ساڭگىلاپ ئېچىلغان ئىدى ھاياجان.
كارۋاتنى قوغلىغان كېسەل مۇھەببەت
مادارسىز تۈنلەرنى قىلاتتى ماكان...
ئىزىمدا قەبرىلەر پۇلاڭلىتار قول
مەن قاچان كەتكەنمەن قۇياشنى كۆزلەپ؟
يولۇچى ئۆلۈمنى كىرگۈزسەم ئۆيگە
بېرەرمۇ تەڭرىدىن ھېكايە سۆزلەپ؟
ئاھ تەڭرى، مەن ساڭا بولدۇم ئىنتىزار
سەن مېنى قۇل قىلساڭ دېگەيمەن جانان.
قۇلىغا ئىگىسى بەرمىسە قەلەم
نەپرەتلىك تەقدىرنى يازىدۇ قاچان؟
بۇ يولدا ئاتلارنىڭ يايلى قارا چاچ
كەتكەن چۆل ـ قەلەندەر، سەۋدايى جاھان.

ئۆلۈمنى ئىچىمگە قويدۇم توشقۇزۇپ
ياشايمەن ھەر كۈننى بىر - بىرلەپ ئاسان...
ھەر كۈنى مەن ساڭا كېتىۋاتىمەن
يىقىندا كۆرۈنگەن يىراققا قاراپ.
يەتتىنچى ئاسماننىڭ پەلەمپىيىدىن
بىر - بىرلەپ چۈشمەن چېچىڭنى تاراپ.
يار دېگەن دار ئەمەس دېمىدىم ھامان
مەرمەردەك تېنىڭدىن قەلبىمنى ياساپ،
مەن يازغان شېئىردا دوزاخ بارمۇ - يوق،
ئاھ، سېنىڭ ئىشقىڭدا ماڭا ئوت قالاپ؟...
ئاھ سېنىڭ ئىشقىڭ ئوت، ئىشقىڭ قىزىل ئوت
ئوتلارنى ئۆلغايتىپ تۇرغۇچى سەن يار.
جەھەننەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى
تاۋۇتقا ئەگىشىپ كەلگۈچى سەن يار.
جۈپ چەشمە بۇلاقتىن ئوخچۇپ ئاقار قان
زەنجىرلەر تارتىلغان ئايدىن قۇياشقا.
قان يۇقى كىرپىكلەر سايرار لاۋۇلداپ
دىلدىكى ياغلىقنى قانغا بوياشقا.
مېنىڭ زار قەلبىمنى تۆگىگە ئارتىپ
يالىڭاچ چۆللەردە يۈرگۈچى سەن يار.
ئاداققى جېنىمنى تېنىمدىن يېشىپ
بىر تامچە قېنىمدا كۈلگۈچى سەن يار.

...

سەن ئۈچۈن رازىمەن مىليون جەسەدكە
رازىمەن ياشاشقا قىيامەتكىچە.
تاملارنى كۆڭۈلدىن چاقاي سارائدەك
ئۆلتۈرەي ئۆلۈمنى مۇھەببەتكىچە.
يار!... دېگەن  ئاغزىمدىن ئاقسۇن قىزىل قان
يۈزۈمنى يىرتاي ھەم كۆزلىرىڭ بىلەن.
قەبرەمدە ئۆزۈمنى يالاي مۈشۈكتەك
جېنىمنى قۇرۇتاي سۆزلىرىڭ بىلەن.
ئورماندا شاخلىرىڭ بىلەكلىرىمدۇر
ئەينەكسىز شەھرىڭگە كىرەي يالىڭاچ.
سەن مېنى ئۆلتۈرمە، سېنى دەپ ئۆلەي
قاراڭغۇ چۈشۈڭدە بولغاندا قاچ ـ قاچ.
مەن سېنى ئۆلۈمدەك قورقۇپ سېغىناي
مەن سېنى ناخشىدىن چىقاي قۇتقۇزۇپ.
ئاھ سەندەك يالغۇز ھەم دەھشەتلىك مەينى
ئىچەي مەن تېنىڭگە لىپىلىق تولدۇرۇپ.
سەن ئوڭدا ياتقاندا قۇياش بولۇپ مەن
باياۋان تېنىڭگە قىلاي جان پىدا.
يۈگۈرەي جەسەدكە كۆرگىلى سېنى
بىر سىقىم توپىغا قىلىپ ئىلتىجا...
بۇ ئالەم يار بىلەن لىق تولغان دەيدۇ

بۇ سېنىڭ يوق بولغان بارلىقىڭمىدۇ؟
يۈرىكىم يار ئۈچۈن ئۆلمىدىڭ دەيدۇ،
بۇ سېنىڭ ئاداققى يارلىقىڭمىدۇ؟
يامغۇرلار سىمىلدار تەشنالىق بىلەن
سېنى ھەر ئويلىسام زېمىندەك يېتىپ.
ئىچىمدە بولساڭ گەر تېشىمدا يوقسەن
مەن قانداق ئۆلمەن، چىقمىساڭ قېچىپ.
قېچىپ چىق، بۇ يورۇق ئالەمگە ئەي يار
گۈركىرەپ چاپماقتا سانسىز ماشىنا.
قاقاقلاپ كۈلمەكتە پۈللار قىپقىزىل
شارابلار مەست بولۇپ قۇسماقتا راسا.
كىيىمنى يالىڭاچ قىلغان ئاياللار
تېنىدىن زىرىكىپ سالماقتا چۇقان.
ناخشىلار يۈزىگە كەيىنىنى قىلىپ
ئەڭ سۆيۈق چۇشلەرنى قىلماقتا راۋان.
ئېتىزدا مىڭلىغان ئەمگەكچى خەلق
چاپماقتا كەتمەننى جەننەتكىچە تا.
يىگىتلەر قىزلارنى يىتىلەپ يۈرۈپ
كەتمەكتە كىنودەك ئۆلۈپ، ئاھ خۇدا...
قېچىپ چىق، ئىچىم بىر زۇلمەتلىك ساراي
تۈرمىگە سولانغان قەبرىدىكى شام.
قان- زەرداپ ئۇسۇلغان بىر ئەسكى چىلەك

ئۆلۈمدىن ئۆزگە ئاھ، ھېچنىمە يوق جام.
تولغاندۇر ۋەھىمە، قانلىق ئىنتىقام
ۋەسۋەسە، جىنايەت، شېئىر... ئۇنىڭغا.
ئەبەدىي ئۆلەلمەي، قانداق ئازاب بۇ
دوزاقتا قىينىلىپ... نە كۈن بۇ ساڭا؟!
قېچىپ چىق، توختىما مىنۇت، سېكۇنت،
قېچىپ چىق، قېچىپ چىق، قېچىپ چىق ھامان.
سەن چىقىپ بولغاندا ئاندىن مەن ئۆلەي
ئاھ، سېنىڭ ئىشقىڭدا بولۇپ قەھرىمان!

## 6. شېئىر

مەنكى بۇ زەھەرنى ئۆلگەندە ئىچكەن
مەنكى بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا جەسەت.
تىلىمدا ئاققاندا سۆزلەر توپانى
غايەت زور كىمىدە ئاقار قىيامەت.
بىراقلا يىغلىدىم ئاسمان ۋە پەلەك
ئاھ ئازاب سەن ماڭا قەدەھنى ئۇزات.
جېنىمنى بەرمەيمەن ياردىن بۆلەككە
تۇپراققا ئاداققى تىنىقىمنى چات.
ئىزىقىپ يۈرمىسەم تاپالمىدىم يول
چۆل دېگەن ئايالنى مۇقاملارغا سات.
يالىڭاچ بولغۇچى كۆرسەت ئۆزۈڭنى،
تېنىڭدە كولانغان لەھەتلەردە يات...

ئۇ كۈنى چۈشىدىن ئويغاندى كارىۋات
ئۇ كۈنى ئەتىرگۈل كېسەل مۇھەببەت.
قۇياشقا بېرىلگەن ئاخىرقى تۈندە
كۆزۈمدىن باشلاندى قاپقارا زۇلمەت.
تۆشۈكلەر ئېچىلدى يىرىم كېچىگە
ئارقىسى تارتىلدى ئالدى تەرەپكە.
يىغلىدى قايغۇدىن ئىگىز ئولتۇرۇپ
بىلمىدى، بىلمىدىن قايتىپ ئەدەبكە.
ھەر يەردە بىر يەرنىڭ تاش- تۇپراقلىرى
ھەر كىمدە بىر ئادەم كۆتۈردى چۇقان.
ئۇ دېدى: مەن بىلەن كەتكىن خۇداغا،
پەقەتلا كەتمەسلىك يولدۇر ئەڭ راۋان.
ئەينەكلەر چاقناندەك ئاسمانلىرىنى
يىرتىلغان قىز دېدى شېئىر ئۆزىنى.
قاغىلار چوقۇلاپ بىر جۈپ كۆزىنى
قانلارغا بويىدى ئاپئاق يۈزىنى.
قانلارنىڭ ئىچىدە بېلىنى تولغاپ
كۆز يېشى كۈلەتتى شاللاق ھەم رەسۋا.
ئورنىدىن تۇراتتى بىردەم يۈگۈرۈپ
يۈكۈنۈپ كېلەتتى دارنىڭ ئالدىغا:
ھەيرانمەن دار سېنىڭ ئىگىزلىكىڭگە
ساڭا كىم ئېسىلىپ ئاسماندا ياشار؟

نىچۈن بار قىلىشقا كەلگەندە ئۈلۈم
ئۈپۈقتا لەپىلدەر يەنە  بىر باھار؟
بۇ ئورمان كىملەرنىڭ پۈت ـ قوللىرىدۇر
بۇ جاڭگال قەيەرگە كېتىۋاتقان جان؟
ھۇ!... دېگەن قايسى چۆل بەدىنىمدىكى
خۇدا دەپ قەلبىمدە ئىگرىسا ئىمان...
خىيالنىڭ تۈكلىرى ئۇزۇن ۋە قارا
قۇرتلار چېچەكلەر ئارمانلىرىدا.
ئەڭ خۇشال قايغۇلار يارنى سېغىنار
كۆڭۈلنىڭ قاراڭغۇ ئايۋانلىرىدا.
دەريامۇ يىغلىغان شىلدىرلاپ ئەبەد
پەقەتلا بىر پارچە قول ياغلىق ئۈچۈن .
ھېچقاچان بولغاندۇر مىسراالار ئارا
بولماستىن مەن ياشاپ تۇرغاندا بۈگۈن.
ئاسمانلار ئۇلىدۇ قەپەزدىن چىقىپ
چىقمىسۇن شۇڭلاشقا دىلدىن شېئىرمۇ.
بۇنى كىم ئېيتمىغان بولسىمۇ ماڭا
ئۈنتۈشلار ئاقىۋەت شۇنداق ئىغىرمۇ؟
مەن چەككەن بۇ ئازاب، ھەسرەت ـ نادامەت
مەن تۇرغان يالىڭاچ، سۇرگەن پاراغەت،
مەن تۇتقان ئاتەشلەر، ماڭغان نەپەسلەر
مەن تۇرغان ئۆلۈكلەر، كەتكەن ھەۋەسلەر...

كىرلەشكەن ئاخشاملار، جىنلار، باللار

كىتابلار، ئۇرۇشلار، قانلار، چېچەكلەر،

ئوق ئاتقان گۇللەر ھەم شەھىت يۈرەكلەر

كىرپىكلەر، بارماقلار، قوللار، بىلەكلەر...

دەھشەتلىك تۈگۈلۈگلەر، قىزغىن يىلانلار

ئاي ئېيتقان يۇلتۇزلار، پەشتاقلىق دىللار

ھەممىسى يالتايغان شېئىر بولۇشتىن

قالمىغان بىھساب، چەكسىز ۋە غايەت...

بولۇشتىن بولماسلىق شۇنداق خۇشالمۇ

مەن قاچان بولمايمەن، چاۋاك چالىمەن؟

مەن قاچان مەن ئەمەس، قاچان ھېچقاچان،

جېنىمنى ئۆلگەندەك يولغا سالىمەن؟

ئەرشتىن ساڭگىلاپ تۇرار يالغۇزلۇق

بۇ گۇلنى تاشلىدى زېمىنغا ھېچكىم.

قۇتۇلۇپ ئۆلگەندە ئادەم بولۇشتىن

تۇپراقنى يىتىلەپ يۈرەتتى ھەر كىم.

سورىدىم: قەيەرگە بارىدۇ تۇپراق،

قويساڭچۇ سەن ئۇنى ئۆلۈكتە بىر دەم؟

دېدى ئۇ: تەڭرىنىڭ دەسمايىسى ئۇ

ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن ياسايدۇ ئادەم...

## شائىر .7

بەش يۈز يىل بۇرۇنقى سايرىغان قاغا
نەقەدەر قارىسەن، نەقەدەر ئۇزاق؟
چۈش كۆرگەن كارۋاتلار قوپقاندا سەندىن
قەلبىڭدە پارلىغان ئۇ قانداق پىراق؟
ئاسماننى قانىتىڭ ئاستىغا ئېلىپ
تۇرىسەن تىرەكنىڭ ئۇچىدا زۇلمەت.
سېنى بۇ كېچىلەر قانداق ئايرىغان
تالۇ ـ تال چاچلاردىن ئەبەدىل ـ ئەبەد؟
بۇزدى بۇ زەھەرنى كىمنىڭ ھەسلى،
بىر قەدەھ يىغلاپلا مەست بولدى شاراب.
ئۆلۈشكە تاشلىغان ھەر بىر قەدەمنى
ئاستا ئاھ، بەك ئاستا تۇرماقتا ياشاپ.
مەن ساڭا ئېيتىمەن تۇغۇلغىنىمنى
ئۆلۈمدىن ئۆلۈمگە يۈگۈرگىنىمنى.
شېئىرنىڭ دەردىدە تەڭرىمگە قاراپ
ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە تۆكۈرگىنىمنى...
ھېچقاچان بولسمۇ بولىدىغان ئىش
تىنچە بولمىغان قەبرىسىزلىكىم،
ئاھ، پۈتكۈل ئايالغا قىلىپ جان پىدا
سۆيگۈسىز دۇنياغا يۈكۈنگىنىمنى...
ئۆلىمەن، ئۆلىمەن... دەپلا ياشىدىم
ماشىنا غۇيۇلداپ ئۆتەر ئۈستۈمدىن

بىنالار بېشىمدا تۇرار قەد كېرىپ
بەك ئېغىر كېسەلمەن پانى ئالەمنىڭ
نازۇك ۋە ئۇيياتلىق بەدىنىدىكى،
يامغۇرلۇق خىيالدىن كېچىپ ئۆتىمەن
ئاھ، بىرلا كارۋاتلىق قەبرەمدە يېتىپ
ئۇ يورۇق دۇنيادىن كىمنى كۈتىمەن؟...
باھارنىڭ قايغۇلۇق بىر ئەتىگىنى
بىلمەيمەن، شېئىردىن باشقا بىر ئايال.
يۈزۈمنى سىلىغان يوپۇرماقلىرى
كۆڭلىكى ئاستىدىن چاقىرغان خىيال...
بۇ مېنى ياشاشقا ئەۋەتكىنىڭمۇ،
ئەي تەڭرى!... دەيمەن ـ دە بەزى ۋارقىراپ.
مەن ئەمدى ئەينەكلەر ھەققىدە سۆزلەپ
كۆكتىكى دەريانى ئاقاي شارقىراپ.
سۆزلەرمۇ ئورنىدىن قوزغالسۇن ئەمدى
تۈك باسقان كېچىلەر كەتكەن شەپەقتە.
ھاياتنىڭ قاراڭغۇ ۋاگونلىرىدا
ۋاقىتنىڭ قۇيرۇقى ھۆلدۇر ھەمىشە.
ئولتۇرۇپ تەبەسسۇم گۈللۈكلىرىدە
ئەسلەي ئىھ، تۇرمىنىڭ تاملىرىنى مەن.
تاملارنىڭ چاچلىرى كىمنىڭ قولىدا،
شەپقەتسىز ھېسسىيات سەۋەبى بىلەن؟

ئا. ئۇيغۇر سولانغان تۇرمىنىڭ تېمى
سوقۇلغان قاتمۇ ـ قات يورۇقلۇق بىلەن.
ئۇندىكى ئەڭ يورۇق تاملىق كامىردا
ئۇ شېئىر يازاتتى خۇشاللىق بىلەن.
مۇتەللىپ سولانغان تۇرمىنىڭ تېمى
سوقۇلغان ئىدى گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن.
ئۇندىكى قىزىلگۈل تاملىق كامىردا
ئۇ شېئىر يازاتتى قىزىللىق بىلەن.
ئاھ مېنىڭ تۇرمەمنىڭ بىرمۇ تېمى يوق
تامغا شېئىر يېزىشتىن ئۆزگە مەن نىمە؟
خەلقىمنىڭ ئالدىدا مەيدەمنى كېرىپ
ئەمدى نە يۈزۈمدە قىلاي تەنتەنە؟!...
ھا،ھا،ھا... ياق، ياق، ياق... مېنىڭ خەلقىم مەن
مەن مېنىڭ خەلقىدۇر ئىتنىڭ تۈكىدەك
ھەركۈنى ئۆلسەممۇ قالمايمەن تۈگەپ.
ئۆلۈكۈم ئۇچرايدۇ قەدەم ـ قەدەمدە
ئۆلىمەن مەن يەنە ھەسسە ـ ھەسسىلەپ.
ئۆلۈشنىڭ بۇ قەدەر ئالىيجانابلىقى
ئۆلۈشنىڭ چىنلىقى، گۈزەللىكى ھەم
نەقەدەر يۈكسەكتۇر ئۆلتۈرۈشتىن ئاھ!
ئەگەردە ئاسماندا ياشىغان بولسام
بولاتتىم چوقۇمكى ئۆلگۈچى ئىلاھ...

شۇ چاغدا ئەشەددى ئاسىي ئاتالدىم
بولمىغاچ تۇرمەمنىڭ بىر تالمۇ تېمى.
ئۆلگەچ مەن ھەركۈنى سانسىز ـ ساناقسىز
شۇ قەدەر قىزغىن ۋە شۇنچە سەمىمىي.
مەيلىلا، ئالدىمدا يول يوقتۇر مېنىڭ
كەينىمدە بىر تالمۇ قەبرە قالمىغان.
كۆتۈرۈپ بىر ئۆزۈم جىنازامنى مەن
شەمۇ ـ شە، دەشتمۇ ـ دەشت يۈرەي سەرگەردان.
يار دېسەڭ يالغۇز بول دېدى بىر كىتاب
نەكى، مەن يالغۇزمەن خۇدادىن بۆلەك؟
كېلىڭلار، ۋەتەننى تېپىۋىلىڭلار
يېرىلىپ كەتمەكتە مەندىكى يۈرەك...

## 8. ھىچكىم

بۇ بوشلۇق، مەنسىز تىل ئۇستىدىكى
چۈشتىكى جاڭگالدا كۆرۈنەر غۇۋا.
ھىچكىم يوق ئولتۇرغان ئورۇندۇقلاردا
كىم ئاستا ئورنىدىن تۇرماقتا ئالغا!...
ئۇھ!... مېنى ئاتاشتىن قىلىڭلار جۇدا
مېنى بۇ ئىسمىمدىن قىلىڭلار ھالاك،
تېنىمنىڭ مەزمۇت ھەم بەردەملىكىنى
قاراڭغۇ كىيمگە يېقىڭلار چىراق.
مېنىڭ بۇ دەھشەتلەك نامۇ ـ ئەمالىم

قۇرتلاردەك ياشاشقا قىلماقتا مەجبۇر.

تىرەمنى سالماقتا ئىدىم تاڭغىچە

گۆشۈمنى ئىشقىمغا قاقلاپ بەھوزۇر...

تىز پويىز كەلمەكتە ئاق سۈتنى ئېلىپ

كەتمەكتە بۇ يەرلەر ئادەمسىزيەرگە.

ئورمانلار يولۇچى بولۇۋالماقتا

ئايالار ئورنىدىن تۇرماقتا ئەرگە.

ئىشتاننىڭ بېغىدا باققان باللار

مۇھەببەت ئالدىدا قالار ئىشتانسىز.

بىلمەيدۇ شېئىرنى مەڭگۈلۈك ماكان

كېچىدە تېنىدىن قېچىپ چىققان قىز.

قۇم كۆچۈپ، مۇقامنى ئېلىپ كەتكەن ئاي

يۇلتۇزغا سۆزلەيدۇ قايسى دەريانى؟

سالىدۇ توختىماي كىيىملىرىنى

كۆرسەتمەك بولۇپ ئۇ شەرمى - ھايانى.

بىلمىدىم بۇ قارلىق كېچىدە ئۆلسەم

مەن ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدىغان تاغ...

چۆلنى بىر بۇلاققا قاندۇرغان جەرەن

قەبرىدە سوڭەكچى ياندۇرغان چىراغ...

ئاھ خۇدا!... مەن خۇدا دېگەندىن كېيىن

يوقۇلۇپ كەتسەم ئاھ، يۇمشاق ۋە شىرىن.

بولمىسام تۈنۈگۈن ئولتۇرغان يەردە

لەۋلەرگە چىشمنى قانىتىپ شىرىن...
بولمىسام كىتابىنىڭ گۈلزارلىقىدا
گۈللەرىنىڭ بەرگىدە كېپىنەك جەسەد.
بىلمىسەم تېنىمنىڭ قايسى يېرىدە
ماڭا بۇ ھاياتنى بەرگەن تەبىئەت؟!...
شۇ چاغدا ئاستىمدا ئۇچقۇر ماشىنا
قولۇمدا يالقۇندەك ھارارەتلىك پۇل.
شۇ چاغدا پۇتلىرىم ھەر بىر مۇقامدا،
يۈزلىرىم ئاسمانغا قارايدىغان قۇل...
شۇ چاغدا پىت باسقان قەبرىستانلىقىم
ئەرۋاھلار ئاقىرىپ ئوينايدىغان توي.
شۇ چاغدا بۇ چاغدىن بەكمۇ يىراقتا
بىر قەدەھ شاراب ئاھ، شىرىن ۋە خۇشبۇي...
مېنى مەن بىر پىچاق بىلەن ئۆلتۈرمەس،
ئۆلتۈرمەس سىرتماق ھەم ھەتتا ئوق بىلەن.
ئۆلتۈرمەس بىر شانلىق كىشى ھەتتاكى
چىقىرىپ قەلبىدىن لىپمۇ ـ لىق ۋەتەن!...
مېنى سۆز ئۆلتۈرەر، سۆزسىز ئۆلتۈرەر
ئۆلتۈرەر، ئۆلتۈرەر، چەكسىز ئۆلتۈرەر.
مەن سۆزلەر ئىچىدە سۆزلەۋاتقاندا
ئۆلۈمنى ياشاشقا شېئىر كەلتۈرەر.
ئۇ شېئىر سۆزلەرنىڭ خانىقاسىدۇر،

سەجدىدە كۆپرىدىن قايتماس خىيالى.
ئۇ شېئىر سۆزلەرنىڭ رەھنىماسىدۇر
قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھېچ يوقتۇر ئامالى.
ئۇ شېئىر سۆزلەرنىڭ قاتىلى گويا
توپلىشىپ ئۆلىدۇ كىتابتا خەتلەر.
ئۇ شېئىر سۆزلەرگە چۈمۈلگەن دەريا
ئىچىدە چۆل بولۇپ كەتكەن جەسەدلەر...
ئۇ شېئىر ھېچنىمە سۆز بولمىغاندا
ھېچكىم ئۇ شېئىرنى يېزىۋاتقان مەن.
بىر سۆزدىن بىر سۆزگە كېتىۋاتقاندا
ئۆلۈمدىن ئۆلۈمگە قېچىۋاتقان مەن...
ھازىر مەن قۇتۇلغان شېئىر يېزىشتىن
ھازىر مەن بۇرۇندا بەلكىم يوق ئىدىم.
كىمكى بىر نامەلۇم دۇدۇقلىغاندا
دەڭلار بۇ شېئىرنى يازمىغان ھېچكىم!

## 9. ئۆلۈش

ئاداققى بىر شىرىن تىنىقتىن كېيىن
گۈزەل بىر شېئىردەك ئاخىرلاشتى تەن.
تۇگىدى سۆزلەرمۇ شارابتەك گويا
تۈگىدى مۇھەببەت، ئەل ـ يۇت ۋە ۋەتەن...
مېنى كىم ئۆلتۈردى، ئۆزۈممۇ، ئەمەس؟
خەير! دەپ باشلانغان بىر بەت سالام خەت؟!

باھارنىڭ بىر تامچە ئىللىق يامغۇرى،
ئىچىمدە تۇغۇلغان چاغدىكى جەسەت؟
ئەزەلدىن مەندىكى يوشۇرۇن كېسەل،
بىنانىڭ ئونىنچى قەۋىتى ياكى؟
ئارغامچا، بىر پاي ئوق، پىچاق يا زەھەر،
خۇدىنى يوقاتقان ماشىنا چاقى؟...
مۇھەببەت، قاتىللىق، ئۇرۇش، يەر تەۋرەش
ئوت كېتىش، سۇ بېسىش، قورقۇش، ۋەھىمە؟
بىر دەھشەت ئىنقىلاب، ساندۇق ـ ساندۇق قان،
چىرايلىق ئاياللار قىلغان تەنتەنە؟!...
مېنى كىم ئۆلتۈردى، ئۆلتۈردى مېنى
شاتلىقمۇ، يا ئۇنىڭ ئازابلىرىمۇ؟
ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرىدىغان
ئەزرائىلنىڭ ئەسۋابلىرىمۇ؟!...
مەن ئۆلدۈم... سوراقلار سۇئاللارنى
مەن ئەمدى سىلەرگە بەرمەيمەن جاۋاب.
سىلەر مېنى كۆرەلمەيسىلەر
سىلەرگە مەن مەڭگۈ تۇرىمەن قاراپ.
ئىسمىمنى ھەرقانچە چاقىرساڭلارمۇ
ھە!... دېگەن ئاۋازىم كېتەر ئەبەدكە.
چىلايدۇ پەرىشتە قاناتلىرىنى
سىلەر گۆش يېمىگەن سىستىق جەسەدكە.

مەن ئۆلدۇم... سىلەرنى قىلىشقا ئۆلۈك
مەن ئۆلدۇم... سىلەرنى تۇگىتىشكە يەپ.
يەنە يۈز مىڭ يىللىق دوزاختىن كېيىن
(ئىچىم بىر جەننەتتۇر) تىرىلىشلار دەپ...

...

سىلەر ھېچ قورقماستىن تىللاشلار ئەمدى:
ئىدى ئۇ بىر مەجنۇن، ئاشىق ـ قەلەندەر.
ئۇ شېئىر يازاتتى يارنى ئۆلتۈرۈپ
ۋۇجۇدى بايراقتەك ھەردەم لەپىلدەر.
ئىچىدىن چىقاتتى گويا ئۆلۈمدەك
تېشىدا تۇراتتى دائىم بىز بىلەن.
ئايالنىڭ تېنىنى سىزاتتى تاشقا
ئۆزىنىڭ چۇشىنى كۆرمەيتتى قەستەن.
ئۇ ھامان ئۆلمەكچى ئىدى كۈندۈزدە
ياشايتتى شۇڭلاشقا يېرىم كېچنى.
تېنىنى سۈندۈرۈپ قىلاتتى ھاسا،
تالاغا قوغلايتتى ئۆيىنىڭ ئىچىنى.
ئۇ دەھشەت قارىغۇ ئىدى قۇياشتەك
ئۇ زۇلمەت گاس ئىدى ئايسىز، يۇلتۇزسىز.
ئۇ ئىدى ئەڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك گاچا
ئۇ ئىدى ئۆزىگە ئەگەشمىگەن ئىز...
تىللاشلار: كارۋاتنى قىلاتتى سەرسان

ئۇتنى گۈل ئېچىدە ئېچىلدۇراتتى.
يالىڭاچ يىغلىسا ئاينىڭ شېخىدا
قەلبىنى شېئىرلار كۆرۈپ قالاتتى.
خەتلەرنى كىتابتىن قوغلىۋەتتى ئۇ
ئۇرۇشلار توختىسۇن دېدى تارىختا.
مېنى كىم ئۆلتۈرسە خۇدادۇر دېدى،
ئۇ ئۆلدى ئاخىرى، كەتتى خۇداغا!...

## كىيىن 10.

خۇشاللىق، تەنتەنە، بۇرچ ۋە ۋىجدان
ئار ـ نۇمۇس، شان ـ شەرەپ، غەزەپ ـ نەپرەت ھەم
رەزىللىك، چۈشكۈنلۈك، سۆيگۈ ۋە قىساس...
يوق
گوياكى چىنىدەك پاكىز بىر ئالەم
تۇراتتى ئالدىمدا پىچىرلاپ ماڭا:
سەن كىم دەپ سورىسا: دېگىن مەن ئادەم
ئۆلۈشنى بىلمەيمەن تۇغۇلمىغاچقا
ئىسمىمنى بىلمەيمەن چاقىرمىغاچقا
كۆرمەيمەن تېنىمنىڭ يالىڭاچلىقىنى
قەلبىم يوق ھەتتاكى ئۆزۈم ياتقۇدەك
بۇ ئالەم پەقەتلا مەنلا پاتقۇدەك
بىلمەيمەن، بىلىشتىن نۇرغۇن ئىلگىرى
ھازىرقى ھېچيەردە تۇرغان ھېچكىممەن...

يەنە بىر ئالەملىك ئەلمىساقتىكى

ئەگەردە ئىككىنچى ئادەم بولسام مەن

قوۋۇرغامنى ئوبدان ساقلايمەن،

مەڭگۈلۈك پايانسىز ئادەم بولغىلى

ھەر يەردىن كېلىپ مەن ماڭا تولغىلى

ئېتىمەن مەڭگۈلۈك قۇلاقلىرىمنى

سۆزلەشكە باشلىسا ئايال قوۋۇرغام...

يەنە بىر ئادەم ــ ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم!

...

2010 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇل. خوتەن

## ئاشقلىق ۋە ئەرك

مەن سېنى ئۈزمەيمەن، كەچۈرگىن ئەي گۈل،

گۈزەللىك ئالدىدا بولىمەن تەسلىم .

ئىشقىمنىڭ بورانلىق، چاڭقاق چۆلىدە،

تۈرسىمۇ ئاھ جۇل ـ جۇل يىرتىلىپ قەلبىم.

مەن سېنى تۇتمايمەن كەچۈرگىن ئەي قۇش،

ئازاد كۆي ئالدىدا ئېگىمەن بېشىم.

ئاھ،چەكسىز جىملىقتىن بولسىمۇ پارە،
غېرىب ھەم ۋەيرانە كۆڭۈل قەپىزىم .

بىلىمەن،مۇھەببەت ئالار جېنىمنى،
ئۆلگۈرمەي يارىمنى ئۆپۈشكە بىر رەت.
گۈزەللىك،ئازاد كۈي... دەيمەن پىچىرلاپ،
ئاداققى نەپسىمدە شۇ سۆزنى پەقەت.